تۇرغۇن ئالماس

# تاڭ سەھەر

(شېئىرلار توپلىمى)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر :   ئابلىمىت ھاجى

# نەشرىياتتىن

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان تالانتلىق شائىر تۇرغۇن ئالماس تۇرغۇنلىغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى، بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە تىلغا ئالىدىغان «تەنلىرىم ياپراق» ناخشىسىنىڭ ئاپتورى بولۇش سۈپىتى بىلەن زور ھۆرمەتكە ئىگە.

تۇرغۇن ئالماس 1924- يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى توققۇزاق دەرۋازىسى ئابدۇلئەزىز دوغا بەگ مەھەللىسىدە شەھەر كەمبەغىلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، باشلانغۇچ مەلۇماتىنى قەشقەر شەھىرىدىكى مەكتەپلەردە ئالغان. 1939- يىلى 7- ئايدا دادىسىغا ئەگىشىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق غۇلجىغا چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇز زامانداشلىرى ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان، ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان.

شائىر تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى 1940- يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا باشلانغان. 1942- يىلى 8- ئايدا دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، قارا شەھەرگە خىزمەتكە بەلگىلەنگەن. كوپ ۋاقىت ئۆتمەي سىياسىي زىيانكەشلەرنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن بۇ مەكتەپتىن يوتكىۋېتىلگەن. ئۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ

فاشىستىك دىكتاتۇرىسىغا ئاشكارا قارشى تۇرغانلىقتىن، ساق-
چى ئىدارىسى تەرىپىدىن 1943- يىلى 11- ئايدا قولغا ئېلىن-
غان. 1945-يىلى 10-ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، شۇ يىلى قىشتا قارا
شەھەردىن پىيادە مېڭىپ قەشقەرگە كەلگەن. 1946- يىلى قەش-
قەردىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، دەسلەپ باش-
لانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆت-
مەي قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىغا مۇدىر،
قوشۇمچە دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپكە تەرتىپ مۇ-
دىرى بولىدۇ. مانا شۇ مەزگىللەردە ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى-
نى قوللاشنى مەركەز قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قار-
شى قەشقەردىكى ئىنقىلاۋىي ئاممىۋىي ھەركەتكە چوڭ يۈرەكلىك
بىلەن قىزغىن قاتنىشىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىجادىي پا-
ئالىيىتى قاينام - تاشقىنلىق بىلەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلان-
دى. مۇشۇ يىللاردا ئۇ «مەكتەپكە»، «ئومرۇمگە باق»، «ئۈ-
مىتلىك خىيال» قاتارلىق يالقۇنلۇق ئىنقىلاۋىي شېئىرلارنى
يېزىپ، مەردانىلىق بىلەن خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ جال-
لاتلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

1947- يىلى ماي ئېيىدا ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىز-
جۇڭنى باشلاپ جەنۇبقا كەلدى. ئۇچاغدا 11 ماددىلىق بىتىم-
نى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئەكس-
يەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك غالچىلىرى
ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، «بىتىم» نى ئىجرا
قىلىشقا كاپالەت ئېلىش يۈزىسىدىن قەشقەر خەلقى زور
كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭجىز-
جۇڭ ئوتتۇرىسىدا سوھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇزۇۋەكىللىرىنى

2

سايلاپ چىقتى. سوھبەتكە قاتناشقان خەلق ۋەكىللىرى 3 كىشى بولۇپ، شائىر تۇرغۇن ئالماسمۇ بار ئىدى. سوھبەت مەيدانىدىكى ۋە سىرتتىكى كۈرەشنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن جاڭ جىڭ جۇڭ ئېغىزدا بولسىمۇ «بېتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شائىرغا ئۆلگىدەك ئۆچمەنلىك ساقلىغان گومىنداڭ دائىرلىرى 1947- يىلى 21- ئىيۇل كېچىدە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى قورشاپ، شائىرنى قولغا ئالدى ۋە ئۇنى يېڭىشەردىكى ھەربى تۈرمىدە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچىمۇ تېز پۈكتۈرەلمىدى. شائىر ھەربى تۈرمىدىمۇ جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى كۈچلۈك نامايەن قىلدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن گومىنداڭ دائىرلىرى 1949- يىلى 4- ئاينىڭ 8- كۈنى شائىرنى تۈرمىدىن بوشۇتوشقا مەجبۇر بولدى. شائىر شۇ يىلى 8 - ئايدا غۇلجىغا كېلىپ، تاكى ئازاتلىققىچە « ئالغا » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن شائىر تۇرغۇن ئالماس قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساھەسىدە خىزمەت قىلدى. 1953 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ « شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى » ژورنىلىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى. ئەدەبى ئىجادىي پائالىيىتى زور دەرىجىدە جانلاندى. شېئىر ، پروزا، دىراما ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدە كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۆز تالانتىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈردى.

ئۇنىڭ «قەشقەر»، «سايرام بويىدا»، «بوران يىغلايدۇ»، «ساي بۇلاقلىرى»، «تاڭ سەھەر» قاتارلىق لىرىك ھەم ۋەقەلىك شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. «لەيلىگۈل» داستانى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

شائىر ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىنى يالغۇز شېئىرىيەت بىلەنلا چەكلەپ قويمىدى. پروزا ھەم دىراماتورگىيە ساھەسىدىمۇ ئۆز تالانتىنى كۆرسەتتى. كوللېكتىپلەشتۈرۈش ھەركىتىگە بېغىشلانغان «قىزىل بايراق» ھېكايىسىدا سىيىت ۋە لەيلىدىن ئىبارەت كوللېكتىپلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغان يېڭى ياشلىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنداقلا بۇ ئەسەر خەنزۇ، ئېنگلىز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «پىچاق» دىرامىسىدىكى سارەم، قاۋۇل ئوبرازلىرى ۋە سەلبىي ئوبرازلارمۇ كىشىدە بەلگىلىك تەسىر قالدۇرىدىغان سېھرى كۈچكە ئىگە. شائىر يەنە ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ جاھالەتلىك ئۆتمۈشتە فېئودال زېمىندارلار، باي تۆرىلەر قوشلاپ سالغان زۇلمى ئاستىدىكى پاجىئەلىك ھاياتى ۋە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە قاتنىشىپ، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان پىدا قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان «قەشقەر ھەققىدە قىسسە» ناملىق

رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى. تۇرغۇن ئالماس ئىجادىيىتىدە
ئاساسلىقتۇر شېئرىيەت بولۇپ، ئۇزىگە خاس شېئرىي ئۇسلۇپ-
نى ياراتقان. ئۇنىڭ شېئرىيى ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىگى
شۇكى، لېرىك ھەم ئېپىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۇز-ئارا قو-
شۇلۇپ تۇرۇش، شېئرىي تىلىنىڭ يارقىن ھەم ساپلىغى، ئوب-
رازلىق ئوخشۇتۇشلىرى، شېئىر ۋەزنىنىڭ يەڭگىل، تۇراقلى-
رىنىڭ راۋانلىغى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىرخىل مەر-
دانە كەيپىيات، جۇشقۇن ھېسسىيات، كۈچلۈك بەدىئى ماھارەت
چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «تارىم شاماللىرى» توپلىمىغا
كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە خاراكتېرلىك-
تۇر. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 1942 - يىلىدىن بۇيان يازغان
بىر قىسىم شېئىر ۋە داستانلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


| | بەت |
|---|---|
| ۋەتەن | 3 |
| تۇتقۇن | 5 |
| غېرىپ موماي | 6 |
| جەملە | 7 |
| ئازاتلىق مەشئىلى | 8 |
| ئىككى تامچە ياش | 9 |
| چوپان | 10 |
| ئالتۇن تۇپرىقىم | 12 |
| ئۆمرۈڭگە باق | 13 |
| مەكتەپكە | 15 |
| ياشلىغىم | 17 |
| ئانا تۇپراق ئۈچۈن | 19 |
| «8- مارت» قا ئىككى ئېغىز سوز | 21 |
| ھالىمغا يەت | 23 |
| ئۆتسە ئۆمۈر | 25 |
| ئۈمىتلىك خىيال | 26 |
| جەنۇپ ساداسى | 28 |
| يىتىم | 30 |
| مۇڭلىرىم | 33 |
| جەنۇپتىن خەت | 34 |
| غالىپ بىز | 37 |
| تىلىمنىڭ بايرىغى | 39 |

گۈزدىلىم ........................ 40

چۈش ........................ 41

مارت چېچەكلىرى ........................ 43

گۈللەر تۈتمىز يېڭى دۇنياغا ........................ 47

قەشقەر ........................ 49

باھار قىزىغا ........................ 54

سايرام بويىدا ........................ 56

پارتىيىگە سالام ........................ 58

تاڭ سەھەر ........................ 61

ساي بۇلاقلىرى ........................ 65

بوران يىغلايدۇ ........................ 67

ۋەتىنىم ئىشقى ........................ 70

مېھمان ........................ 71

گۈل باھار ........................ 72

ئوغلۇمغا مەسلىھەت ........................ 73

ئىنسان خىسلىتى ھەققىدە داخشا (چاتما شېئىر)... 75

بېغىشلىما ........................

مىھنەت ۋە ئېقىل ........................

ۋىژدان ........................

مۇھەببەت ........................

نەپرەت ........................

ئاخىرقى سۆز ........................

ئىشەنچىم ........................ 81

ۋەتەن قىزى- خۇيلىن ........................ 85

لەيلىگۈل ........................ 96

قىز ۋە شامال (بالادا) ........................ 104

# شېئىرلار

# ۋەتەن

ئەي ۋەتەن، جان ۋەتەن، ئېزىزىم ۋەتەن،
چىن قەسەم قىلىمىز ئالدىڭدا بۈگۈن.
سەن ئىڭلا!... نامۇسنى يۈيىمىز جەزمەن،
كۆرەشتىن يانمايمىز قەلبىمىز پۈتۈن.

ئارتۇقچە چىداشقا ئەمدى تاقەت يوق،
جاھالەت قاقشاتتى، بىزنى خارلىدى.
ياۋايى دۈشمەننىڭ قانلىق قوللىرى،
پاك يۈرەك، بەدەننى خېلى تىلغىدى.

شۇ دەرتلەر ئاچچىغى بىزنىڭ يۈرەكنى—
تاۋلىدى كۆرەشكە، ھورلۇك ئىشقىدا.
قوزغالدۇق سەپ تارتىپ، ئېلىپ قورالنى،
ياشاشنى ئىشانلاپ بەختىيار تاڭدا.

يوللاردا يولۇقۇپ شۇم ئالۋاستىلار ،
جۇتلارنى ياغدۇرۇپ توسماق بولسىمۇ؛

شىرلارچە جەڭ قىلىپ كەڭ مەيدان ئارا،
دۈشمەننىڭ كوكسىنى قىلدۇق بىز يارا.

توكۈلگەن ساپ قانلار شولىسى بىزگە
كورسەتتى نۇر چېچىپ، يورۇق بىر تاڭنى.
شۇ قانلاردىن ئۆسكەن ئۈمىدلەر پارلاپ،
يۈرەككە تۇرناتتۇق يۈكسەك بىر ئاڭنى.

كورەشلەر پۈتمىدى، ئەي ۋەتەن، بىلگىن!
ئەڭ قانلىق چېلىشلار قىزىدى ئەمدى.
ئازسانلىق نومۇسسىز، قارا يۈز ساتقۇن،
خىيانەت يولىنى تۇتتى، پىتىردى.

لېكىن بىز بارىمىز چىمەنزار تاڭغا،
جاپالىق، قاراڭغۇ يوللارنى بېسىپ.
دۈشمەننى يەر بىلەن قىلىپ بىز يەكسان.
كۆلىمىز غەلىبە گۈلىنى قىسىپ.

1942- يىل 1- ئاي ئۈرۈمچى



## تۇتقۇن

باربىلاندى تورغا چۈشكەن قارچۇغا،
ئېغىر كۈنلەر چۈشتى ئۇنىڭ باشىغا.
ياش توكمىدى ھەم قورقمىدى قىلچە ئۇ،
كەلگەندىمۇ ئەجەل ئۇنىڭ قاشىغا.

سۆيمىگەن ئۇ يېڭى تونۇش يارىنى،
بۇك - باراقسان تالليقتىكى چىمەندە.
ئاڭلىيالماس ئانىسىنىڭ زارىنى،
يا تامدىكىن غېرىپ ئانا كېپەندە؟

1943- يىل، قارا شەھەر

---

ئىزاھ: شائىر گومىنداڭ تۈرمىسىدە ياتقاندا قەشقەردىكى ئانىسىنى، قارا شەھەردە ياخشى كورۈپ قالغان بىر قىزنى ئەسكە ئېلىپ بۇ شېئىرنى يازغان.

## غېرىپ موماي

تۇتقۇنلۇقتا خىيال سۈرۈپ ،
ئەنسىز تۈندە ياتالمىدىم.
ئەسلەپ سېنى مۆڭلۈق موماي،
ئەس – ھوشۇمنى تاپالمىدىم.

جۇدالىقنىڭ ھەسرەتلىرى ،
تاشتى بىردىن دولقۇنلىنىپ
ياندى پىغان ئۇچقۇنلىرى،
ئاستا – ئاستا يالقۇنلىنىپ.

سېغىنساممۇ سېنى دائىم،
چىرايىڭنى كورەلمىدىم.
بىزدىن كەتتىڭ ئومۇرۋايەت،
دۇئايىڭنى ئالالمىدىم.

رازى بولغىن غېرىپ موماي،
سېنى نەۋرەڭ ئۇنۇتمايدۇ.
باشلىرىڭغا گۈللەر تېرىپ،
سۇغۇرىدۇ، قۇرۇتمايدۇ .

1943– يىل، قارا شەھەر



## جەمىلە

مۆزلىدى دەريانىڭ سۈيى كوز يۇمۇپ،
چىققاندا زەھەرلىك سوغۇق شىۋىرغان.
قەلبىم ئوت، كوزۇم ئوت، مۆزلىماس تېنىم،
بەنت قىلىپ تۇرسىمۇ دەھشەت زىمىستان.

قېلىن مۆز ئاستىدىن شەپىسى سۇنىڭ–
ئاڭلانماس جەمىلە ساڭا ھىچ قاچان.
لېكىن مەن ئاڭلايمەن ناخشا سازىڭنى،
يىراقتىن سېغىنىپ سېنى ھەرزامان.

كۈن چىقىپ، ئېرىپ مۆز، تاشقاندا دەريا،
ئېچىلىپ قىرغاققا كېلىدۇ باھار.
دەل شۇچاغ مەنمۇ غۇلاچلار تاشلاپ،
بارىمەن ئالدىڭغا ئەيتىپ « يارى – يار ».

1944– يىل 12– ئاي، قارا شەھەر

# ئازاتلىق مەشئىلى

تاغلاردا ئازاتلىق مەشئىلى
ياندۇ كېچىنى يورۇتۇپ.
كېلىندۇ باھارنىڭ شەپىسى،
تىيانشان باغرىنى ئويغۇتۇپ.

1945 - يىل 2 - ئاي، قارا شەھەر

---

ئىزاھ: شائىر بۇ شېئىرنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى خوش خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا يازغان.



# ئىككى تامچە ياش

قارا كېزىك ئەلچى بولۇپ ئۆلۈمگە،
قىلىچ ئۇردى مېنىڭ ئەزىز بېشىمغا.
گوياكى مەن چولدە قالغان گودەكمەن،
بورى كەلدى كوز ئالايتىپ قېشىمغا.

سىلىنغاندا بىرى ماڭلاي - چىكەمنى،
داۋا تېپىپ ئارام ئالدى غېرىپ باش.
ئېقىپ چۈشتى مېنىڭ ئىككى مەڭزىمگە،
باشقا كوزدىن ئىككى تامچە ئىللىق ياش.

كوزۇم ئاچسام، ساپە تاشلاپ قىزىل گۈل،
باش ئۈستۈمدە توكۇپتۇ ياش پىنھاندىن.
داۋا بولۇپ گۈلنىڭ خۇشبۇيى ھىدلىرى،
ئامان ئوتتۇم ئولۇم ئۇچقان داۋاندىن.

1945 - يىلى 9 - ئاي، قارا شەھەر

# چوپان

بىر تۇتقۇن چوپاننىڭ كۈنلىرى ئۆتتى،
شۆھرەتلىك باغراشنىڭ بويىنى كېزىپ.
ھەر كېچە غېرىپلىق مۇڭلىرى باستى،
ئېھ ... ئۇنىڭ ھەسرەتلىك قەلبىنى ئېزىپ.

ئۇ بىر كۈن ئاڭلىدى: باغراش ئاستىدا —
بار ئىمىش يايلى ئاق، چىرايلىق قولان.
ئىلتىجا ئەيلىسە كېچىسى كولگە،
كىشنەپ ئۇ، چىقارمىش قىرغاققا شۇئان.

قۇتۇلماق بولدى ئۇ مىنىپ قولانغا،
چىقمىدى باغراشتىن قاناتلىق تۇلپار.
موڭغۇلدىن ئاڭلىغان سىرلىق رىۋايەت،
بولمىدى ئۇنىڭغا چۈشىدىمۇ يار.

تۈن يېرىم ... چىغلىقتا يالغۇز بىر كەپە،
ئۈستىدە تولغىنىپ ياتىدۇ چوپان.



تۈن قارا ... يۇلتۇزلار كورۇنمەس زادى.
لېكىن ئەڭ يىراقتا لاۋىلدار گۈلخان.

سەھەردە باغراشتىن چىقتى چاچ تاراپ،
جامالى تولۇن ئاي — گۈزەل مەلىكە.
ئۇ بىردىن كەينىگە ئاستا يېقىنلاپ،
پىچىرلاپ شامالدەك، كىرىشتى سوزگە:

„كۈت مېنى! تاڭغىچە، شورلۇق قىسمىتىڭ —
مۇددىتى ساناغلىق قالدى، بىلىپ قوي!
كېلىمەن سەن ئۈچۈن تۇلپار ئىگەرلەپ،
كۈتمەكتە تاقەتسىز ئىككىمىزنى توي.“

ھەيرانلىق تۇيغۇسى تاشتى دەرىيادەك،
ياش چوپان غەرق بولدى ئۇنىڭغا بىردىن.
غۇلاچلاپ چىققاندا قىرغاققا گويا،
ئەسەر يوق ھېلىقى گۈزەل پەرىدىن.

كۈتىدۇ ياش چوپان باغراش بويىغا
تاڭ ئېتىپ، قۇياشنىڭ كېلەر چېغىنى.
كۈتىدۇ يېتىلەپ تۇلپارنى بىر كۈن،
نىجاتلىق گۈزەللى كېلەر چېغىنى.

1945 — يىل 9 — ئاي، قاراشەھەر

# ئالتۇن تۇپرىغىم

كوكىرىپ ھايات باھارى تاڭ ۋادىسىدا،
يەلپىنىپ ئەمدىلا چېچەك ئاتىدۇ.
ئوتكۈر كوز چىن زامانداشلار ھەر چاغ،
قورال تۇتۇپ، ئۇخلىماي ئويغاق ياتىدۇ.

لاغىلداپ بولسا بەزگەك بۇيۈك تاغلار،
قورقۇش، ۋەھىمىدىن تىترىمەس تېنىمىز.
كەلكۈن ياساپ قارا قىيان، چىقسا بورانلار،
قورقماس يۈرەك، داۋالغۇپ ئاقسىمۇ قېنىمىز.

مۇبارەك بولسۇن بەختىڭگە، ئالتۇن تۇپرىغىم،
سېنى دەپ كوڭلىگىمىز بولدى قىزىل قان.
تاڭ شامالىدا يەلپىنىپ غۇنچە يوپۇرمىغىم،
ياشنا توزۇماي، ياغسۇن شەرەپ - شان.

1945 - يىل 9- ئاي، قاراشەھەر

ئىزاھ: شائىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تەنتەنە قىلىپ بۇ شېئىرنى يازغان.



# ئومرۇڭگە باق

ئۇمىدىم ئويغاق، مەغرۇر ياشلىغىم،
ئوتمۇشنى ئەسلەپ، كوزنى ياشلىما.
قەدىرلىك جانان، سويگەن ئامرىغىم،
قۇچاغىڭ كەڭرى، مېنى تاشلىما.

ئانامدىن بىر چاغ تۇغۇلۇپ سەندە،
ئىڭرىدىم ئوكسۇپ، ئەتراپلىرىم جۇت.
زاكىلاپمۇ ماي، يىغلىدى دەرتتە،
كوزىدىن يېنىپ ھەسرەتلىك بىر ئوت.

گودەكلىك چېغىم ئوتتى خارلىنىپ،
ئاچ ھەم يالاڭغاچ، ئازاپ ئىچىدە.
قانلىق ياش توكۈپ ئانام زارلىنىپ،
بەزلىدى مېنى قارا كېچىدە.

ئاستىلاپ ئوسۇپ ئون بەشكە كىردىم،
تېخىمۇ دەھشەت باستى پەلەكنى.

دوست ۋە دۈشمەننى پەرق ئېتەلمىدىم،
بىر زالىم قانخور ئەزدى يۈرەكنى.

بەنت قىلىپ قانخور ئۇلۇم غارىغا،
خېلى يىل مېنى ئەيلىدى تۇتقۇن.
يەر - زېمىن يىغلاپ هايات زارىغا،
ئويغىنىپ كەلكۈن، ياسىدى دولقۇن

چۈشۈپ يۈز تۆۋەن زالىم تەختىدىن،
ئەجەللىك غاردىن قۇتۇلدى ئىنسان.
سەهەردە سوزلەپ ئەلنىڭ بەختىدىن،
سايرىدى بۇلبۇل باغىمدا شۇئان.

ئۆتكۈزمەي بىكار ئەمدى يىللارنى،
يازىمەن تىنماي، قەلىمىم تەۋرە.
ئۈمىدىم شات قىلىش دەرتمەن دىللارنى
كەتسەم مەن ئۆلۈپ، قالىدۇ نەۋرە.

1946 - يىل 1- ئاي، قەشقەر



## مەكتەپكە

تەنلىرىم ياپراق، تىترەپ توختىدى.
يۈرىگىم دەرتلىك - ئەركىن سوقمىدى
چۈنكى ئەي يارىم، سېنىڭ هالىڭنى،
كوردۈم پىغاندا غۇنچە چاغىڭنى.

بويلىرىڭ نازۇك، كېلىشكەن - زىلۋا،
هەركەتلىرىڭ شوخ، قىلىدۇ جىلۋا.
چاچلىرىڭ ئۇزۇن، هەردەم يەلپۈنەر،
قارا قاشلىرىڭ هەريان تەلپۈنەر.

كوزلىرىڭ خۇمار - جەۋهىرى ياناق،
ئايمۇ خىجىلدۇر جامالىڭ بەك ئاق
لېكىن، بىلىمسىز-نادانلىقتا قول،
بۇلبۇل قونمىغان پۈراقسىز بىرگۈل،

خۇشبۇي پۇرىغى قېنى گۈلۈڭنىڭ،
بارمۇ قىممىتى ئۆتكەن كۈنۈڭنىڭ؟

ئويلا ئەي سىڭىل، نادانلىق يامان،
گەر ئوقۇمىساڭ يىغلىتۇر زامان.

تىڭشا كوچىنى، دوستلىرىڭ ئوتەر،
دىللىرى يورۇق، مەكتەپكە يېتەر.
ئۆگۈنۈپ ئۇلار ھايات يولىنى،
ئۇستۇرمەكچىغۇ ئارزۇ گۈلىنى.

ئېلىپ سەن دەرھال ئۇلاردىن ئۆلگە،
تەخىرسىز يول ئال! ئانا مەكتەپكە.

1946 - يىل 1- ئاي، قەشقەر



## ياشلىغىم

ئىگىرىبان دۇنياغا كەلدىڭ سەن قاچان ئەي ياشلىغىم،
قان يۇتۇپ ئەل ھالى نە كەچكەن ئىكەن، ئەي ياشلىغىم.

كەتتى ئوتمۇش تۈنلىرى، ئەمدى ئۆنى سەن ئەسلىمە،
ئوتتى كوپ چاغلار جاھالەت ئاستىدا، ئەي ياشلىغىم.

مەن گودەك چاغدىن ئىلىم ئىزدەشكە قىلدىم سەئىي كۈش،
بۇ ھەۋەستىن توختىمايمەن، ئەي بىلىمسىز ياشلىغىم.

تونۇگۈن چىقتى ساۋادىم، بۇ تېخى بەكمۇ ئۇزە،
كوپ ئۆگەنگىن، ھەممىگە قادىر بولۇرسەن ياشلىغىم.

گەر بىلىملىك بولمىساڭ، بەرگەن باھايىڭ ساختىدۇر،
بەكھودۇقما، دىتلىرىڭ چولتا ئىكەن كوپ، ياشلىغىم.

سەن قىيىنىنى ئويلا! يىگىت قىلدى ئانامنىڭ ئاق سۈتى،
شۇڭا! بۇ تۇپراق ئەزەلدىن ساڭا جەننەت، ياشلىغىم.

رازلىق بەردى ئانام، ئۆزگە خىيالدىن مەن يىراق،
ۋەتىنىم يولىدا ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، ياشلىغىم.

ئىز دىبان سۆيگۈ ھايات باھارىنى كوپ زامان،
ئەمدىلا تاپتىم يولىنى، قايتما ھەرگىز ياشلىغىم.

ھىچ ئاداۋەت ساقلىماس كوڭلۈم غۇبارسىز ئاق ئىدى،
ياخشى دوستلار بۇنى بىلسە، غۇنچە ئاچقاي ياشلىغىم.

1946 - يىل 2- ئاي، قەشقەر



## ئانا تۇپراق ئۈچۈن

ئەي تۇپراق، جان تۇپراق، ئەزىز تۇپرىغىم،
ئەزەلدىن ئامراق جانان — ئامرىغىم.

ئوتمۇشۇڭ بەك داغلىق، يەر - كوك تىترىگەن،
ياۋلارنىڭ ئالدىدا تىزىڭ پۇكمىگەن.

تۇغۇلدى ياش گۇدەك سىنىڭ قوينىڭغا،
ئوينايدۇ ئۇسۇللار شانلىق تويۇڭغا.

بىر چاغلار... ھەسرەتلىك ئوتتى مۇڭلىنىپ،
دولقۇنلار ئويغانغان ئاخىر شوخلىنىپ.

قىرغاقلار ياپ - يېشىل، جىلغا گۇلۇستان،
يادىمدىن كەتمىدى ئەشۇ زىمىستان.

ئويلىسام دەرتلەرنى كوڭلۇم ئىزىلدى،
ئادامەت - ھەسرەتلەر قاتار تىزىلدى.

تارىختىن قارىسام، قايغۇ بەتلىرى
ئېچىلدى، كۆپ ئۆتكەن قانلىق دەرتلىرى.

پاك قىلىش نومۇسنى ئارزۇ - تىلىگىم،
سەن ئۈچۈن كۆيىدۇ ئوتلۇق يۈرىگىم.

سېنى دەپ ياشىدۇق كوكرەك بىلەن تام،
ئالىمىز ئالدىڭدا باتۇر دىگەن نام.

ۋەتەن دەپ ئاكۆپنى ماكان ئەيلىدۇق،
نەچچە يىل قان كېچىپ ياۋنى چەيلىدۇق.

كەڭ ئۈپۈق رەڭ ئېلىپ بولدى قىپ - قىزىل،
ساپ قانلار شولىسى بى باھا ئىسىل.

شۇم يىرتقۇ پەچيلىدىن سانسىز قىرىلدى.
ئاخىرى "دات" دىدى، تامار قىلىندى.

شۇ زامان قىزىرىپ ئاتتى سۈزۈك تاڭ،
قالغاندۇ دۇنيامۇ بۇ ئىشقا ھاڭ - تاڭ.

مۇبارەك ئەي ۋەتەن، سائادەت - بەختىڭ،
بەس ئەمدى تەۋرەنمەس ئادالەت تەختىڭ.

چۈنكى بىز چېنىقتۇق قەھرىمان يۈرەك،
سەن ئۈچۈن جان تىكىپ كېرىمىز كوكرەك.

1946 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر



******************************

## «8 - مارت» قا ئىككى ئېغىز سوز

(بىر قىزغا بېغىشلاپ)

يۈرەك سۆيدى گۈزەل خۇشخۇي قاچانكى بىلمىدىم زادى،
كېچە - كۈندۈز پىغان چەكتىم، پەلەكتىن ئاشتىغۇ دادى.

كىرىپ ھويلىغا بىر چاغ كورۇپ قالدىم جامالىڭنى،
چۈۋۇق تالدەك ئىگىلدى بەللىرىڭ، بىلدىم سالا دىگىنى.

تەبەسسۇمدە قاراپ مەن ئىنتىزار كۈتتۈم جاۋابىڭنى،
پىسەن قىلماي قىيا باقتىڭ ماڭا، تارتتىم ئازاۋىڭنى.

ئىچۇكدۇركى نەزەر ئۈستۈن سېنىڭدە شوخ پەرى جەللات،
دىگۈزدۈڭ مەن كەبى مۇڭلۇق يىگىتنى شۇھامان "ۋاي-دات".

كېچەر ئىدىم شۇ ئەسنادا، سەنەم بولساڭمۇ ئەي جانان،
ئېلىپ قاچتىڭ خىيالىمنى ماڭا باقىپ كۈلۈپ شۇئان.

بولاپتۇ خەير، ساڭا ئەيتاي ئۆيۈمنى قىسقىچە سوزلەپ،
لېكىن كەتمەس بىكارغا دەپ، ساڭا ھەم ئىتقات ئەيلەپ.

بىسلەمسەن ئەيگۈلۈم مېھىرنى بەردۇق ئۆشبۇ تۇپراققا،
يۈرەك تەشنا ئىدى سەندەك ئېچىلغان غۇنچە ياپراققا.

سېنى باقتى ۋەتەن «ئوماق قىزىم» دەپ ئەيامبان شەپقەت،
ۋەتەن باغرىڭ، ۋەتەن بەختىڭ، ۋەتەن شانىڭ، ساڭا دۆلەت.

ۋەتەن قەدرىنى بىل رەيھان! ساڭا ئارتۇقچە سوز كەتمەس،
ۋەتەن شانىنى سوزلەشكە تىلىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەس.

ۋەتەنبەختىگە ئىشلەشكە بىلگىنى باغلىغىن چاققان،
ۋەتەنداشىڭ كۆرەشمەكتە، ئاناڭمۇ نە ئۈچۈن باققان؟

جاھالەت سازىنى ئورغىن قورام تاشقا، پاچاقلانسۇن،
يېڭىچە يول تۇتۇپ ماڭغىن، ئىزىڭدىن گۈل ئۈنۈپ باقسۇن!

ئىلىم ئىزدە، پەزىلەت تاپ، ۋەزىپەڭنى ئادا ئەيلە،
ئاداشقانلار ئارا باغدا قىلىپمۇ يۈرمەگىن سەيلە!

1946 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر



## ھالىمغا يەت

ياشلىغىم جانانىنى ئىزدەپ، ئاقۋەت ۋەسلىگە يەت،
نەچچە يىللار ئىنتىزار كۈتكەن يۈرەك ئارزۇغا يەت،
ھورى غىلمان قايدىدۇر؟ جايىنى تاپ، قەدرىگە يەت،
يوللىرى بولسا يىراق، ھېچ يانمىغىن، مەنزىلگە يەت،
گەر يېتىشسەڭ سۆيگۈگە، دەرتمەنكۆڭۈل ھالىغا يەت.

ئويغىنىپ تاڭدا كۆلۈپ، بىر زوق بىلەن تەپتى يۈرەك،
جانى - جانانغا قاراپ ئىشقى بىلەن ياندى يۈرەك،
كوز ئېچىپ ئويغانمىدى نازلىق پەرى، دەرتلىك يۈرەك؛
سەۋرى تاقەتسىز بولۇپ شۇندىن بىرى كويدى يۈرەك،
بەس يېتەر! ئويغان پەرى، دەرھال كېلىپ ھالىمغا يەت.

تۈندە ھىجرىڭباسا يىغلايمەن، يېشىم دەريا ياسار،
سۇلىرى دولقۇنلىنىپ، تۈن قويىندا ئۇپقۇن ياسار،
گەر سېلىپ سۇغا كېمە، يۈرسەم مېنى خىيال باسار،
شەپىسى دەم ئاڭلىنۇر قىرغاقلىنى تاشقىن باسار،
ئويغىنىپ، ناز ئەيلىمەي، دەرتمەن ئوغۇل ھالىغا يەت.

باش سەھەردە ئۇ خىلىماي چەكسەم پىغان، چولپان يانۇر،
ساي سۈيى ھەم شوخلىغىدىن توختىشىپ جىم - جىت ئاقۇر؛
تاڭ قىزى كوپ قايغۇرۇپ، سىرلىققىنە ماڭا باقۇر،
تەنلىرىم ھالسىزلىنىپ، كوكسىنى چىمەنگە ياقۇر،
قىل داۋا، ئەي رەيھىنىم! خوش ھىدچېچىپ، ھالىمغا يەت.

سۈيگۈ ئىزدەپ ياش تۇرۇپ ئاپپاق ئاقاردى بۇ بېشىم،
كوزلىرىم ھەسرەتلىنىپ، دايىم ئاقار مۇنچاق يېشىم،
كەيگىنىم كىپەن بولۇپ، بولدى زەھەر يىگەن ئېشىم؛
ئاقىۋەت قالغايمۇ غەمدە بۇ مېنىڭ ئەزىز بېشىم،
رەھمى قىل ئەي باغرى تاش، ئۇتلۇق يۈرەك ھالىغا يەت.

ياسىنىپ ساچىڭ تاراپ، كەلسەڭ يېنىمغا نە بولۇر،
كۈلسە يۇلتۇز نۇر چېچىپ، كوكنىڭ چىرايى نە بولۇر،
بەلكى تەۋرەپ تاغۇ - تاشلار گۈلدۇرلىسە نە بولۇر؛
زوقلىنىپ ئەيتىپ قوشاق، قانسام ساڭا مەن نە بولۇر،
بىر سويۇپ، باشىمنى سىلاپ، ئەبىدى ھالىمغا يەت.

1946 - يىل 6- ئاي، قەشقەر



## ئۆتسە ئۆمۈر

ئاقسا سۇلار دولقۇنلىماي، تاشماي بىكار،
ئورمان، ئېتىز، باغلار قالار ھەسرەت چېكىپ.
ئۆتسە ئۆمۈر ھېچ مەنىسىز، بولماسمۇ ئار،
ۋىژدان يىغلار باشلىرىنى غەمكىن ئېگىپ.

1946 - يىل 8- ئاي، قەشقەر

# ئۈمىتلىك خىيال

قالدىم قايغۇدا، قاراڭغۇ تۈندە،
تاڭنىڭ شەپىسى ئۈمىدىم ئىدى.
ئەركىن يۈرمىدىم، كۆلپەتتە - غەمدە،
زىلۋا ياشلىغىم بوغۇلغان ئىدى.

يۈردۈم زارلىنىپ، بېغىم خازاندۇر،
سوقتى شامالار... تاڭلار ئاتمىدى.
زارىم كوپەيدى، رەڭگىم ساماندۇر،
سىرداش يۇلتۇزۇم لېكىن پاتمىدى.

سۈيگۈ تىلىدىم، زىنداندا ياتتىم،
چېچىم ئاقاردى، ھىجران توھپىسى.
تىلەككە جاننى قۇل قىلىپ ساتتىم،
ئەگىپ يۈرسىمۇ ئەجەل شەپىسى.

خېلى يىل يېتىپ دوزاختىن چىقتىم،
ئازات ئۈنلىرىم ياڭرىدى ھەريان.



كەسكىن چېلىشقا قەدەم تاشلىدىم،
روھىم شاتلاندى، زوقلىنىپ بىر ئان.

تاپتۇق جان بېرىپ سەلگىنە ئەركىن.
يۈرەك قانمايدۇ، بوۋاي شات ئەمەس.
ئەسلا كەيمەيمىز تۇمارچە بوكنى،
رەقىپ ۋەھىمىدىن ۋىژدان «ۋاي» دىمەس.

قىزىل بەلۋاغنى باغلىدىم بەلگە،
ھەر نىجىس قول ئۈزۈۋېتەلمەس.
تىلەيمەن ھورلۇق، ئىشەنچىم ئەلگە،
شۇملار قۇتۇلۇپ ئامان كېتەلمەس.

ئۈمىتلىك خىيال سىرداشىم مېنىڭ،
بىز كۈتكەن تاڭنىڭ يورىغى چەكسىز.
خەلقىم تىلەكداش ئارزۇڭغا سېنىڭ،
تاپارسەن مېھنەت بەختىڭنى شەكسىز.

1946 - يىل 8- ئاي، قەشقەر

# جەنۇپ ساداسى

ئاچچىق ئەلەم ھەم سىقىلىش ماڭا ئۇلپەتتۇر،
قىزىل چىلتەك ئاسقان گۈزەل ھېچ كۆرۈنمەيدى.
ھايات مۇڭلۇق، يوقسۇل دەرتمەن، زارى كۆلپەتتۇر،
ھالاۋەتتىن تامچە شاراپ تېخى يۇتمىدى.

جەنۇپ سەگەك-ئۇخلىمايدۇ، سىرلىق ھەر كېچە،
ساي-دەريالار تاشقىن ياساپ كوتەردى شاۋقۇن.
ئوتلۇق دىللار سۈرۈن تۈزەپ، تاڭنى كۈتمەكتە.
تىترىمەكتە قارا ئىتلار، يىغلايدۇ قۇزغۇن.

بەلكى يەتتى قۇلاغىڭغا جەنۇپتىن ئاۋاز،
يېرىق تاپان مىليون جاندىن سالام يازغىنىم.
تارتتىم ئازاپ، يالاڭياقتىن كەچمىدىم ھېچ ۋاز،
ئەگەر كەچسەم يورۇق يولدىن شۇ ئان ئازغىنىم.

قاراڭغۇدا مەشئەل يېقىپ سۆيگۈ ئەلچىسى،
چالماقتىدۇر شوخ سازىنى جەنۇپ باغرىدىن.



ۋەھىمىلەر قىلمايدۇ كار، مەن تاڭ كۈيچىسى،
قارا تۈنگە ئوتلار ساچتىم ئەلنىڭ ئاغزىدىن.

تاشسا دولقۇن، يەلكەن بىلەن شۇئان كېتەرمەن،
ئەجەل ئۇچقان دەھشەتلىك ھال ھەمرا بولسىمۇ.
كۆتكەن نىشان، يېشىل قىرغاق، باقتا يېتەرمەن،
ئاپەتلىك دۇت، جۇتلۇقگازغا جاھان تولسىمۇ.

1946 - يىل 9- ئاي، قەشقەر

## يېتىم

ئاڭلاڭلار دوستلۇرۇم، غېرىپ زارىنى،
چەكمەكتىمەن ھا ياتتىن دەرتلىك تارىنى.
يېزامغا مەن يېرىپ تېخى يېقىندا،
ئۇچراتتىم بىر ھالنى تولۇق يادىمدا.
چوڭ بولۇپ ئۆسكەنمەن كىچىك يېزىدا،
ئېسىمدۇر بەش قورغان دەريا بويىدا.
مەن باردىم يېزامغا-كونا ئۆيۈمگە،
ئاق - قارا كورۇنمەس گويا كوزۇمگە.
تۇققانلار كوپ ئىكەن، ئايرىم كورۇشتۇق،
تەكتۇشۇم ئويناشتى، سىرلىق كۇلۇشتۇق.

كۈن پاتتى - كەچ كىردى، قايسى جاي يورۇق؟!...
ئۇپۇقنىڭ بويى پەرشان تۇتۇق.
دىخاننىڭ ئۆلىغى نە ئۇچۈن ئورۇق؟...
يوقسۇللار يالاڭياق، تاپىنى يورۇق.



ئاھ... دىخان كەمبەغەل، تۇرمۇشى ئېغىر،
زۇلۇمنىڭ دەردىدە يۇرىگى يېغىر.
كوڭۇلنى ئېزەتتى دەرتمەن تارىلار،
جىملىقنى بۇزاتتى پىغان - نالىلار.

يېقىندىن كېلىدۇ دەرتلىك بىر سادا،
ئەنسىرەپ ئولتۇردۇم، ئۆيىقۇدىن ئادا.
چىدىماي تالاغا چىقتىم كېچىسى،
مەن زادى ئەزەلدىن يوقسۇل دۆڭچىسى.
تۈن كېچە ئايلاندىم، يولۇقتى ماڭا،
يا مازار، يا ھويلا بىلمىدىم تاڭا؟!...
خارابە بىر ھويلا، چىراق ئۆچۈپتۇ،
تېرەكلەر قۇرۇپتۇ، قۇشلار توزۇپتۇ.
شۇ يوسۇن ھويلىدا ياتىدۇ بالا،
بەلكى ئۇ — يېتىمدۇر ئىگىسىز بالا.
كورپىسى مۇز تۇپراق، تاپىنغان ئامال،
ئۇستىدە يوتقىنى — بىر تۇتام پاخال.
ياشلىرى ئۇن تورتتە، تۇگۇلۇپ ياتقان،
ياش توكۇپ، كوزلىرى قايغۇغا پاتقان.
دەيدۇ ئۇ بىچارە ئۇكسۇپ داتلىنىپ،
ئاتىنى، ئانىنى كەسكىن ياتلىنىپ:
«ئايرىلدىم قايسى چاغ سەندىن ئەي ئاتام؟!...
قاندىمىمۇ - قانمىدىم، سۇتۇڭگە ئانام.
كىم سالدى مۇنچىلاپ ماڭا جاپانى؟!
باغرى تاش قىلمىدى قىلچە ۋاپانى.

قېقىلدىم - سوقۇلدۇم، تاشنى چىشلىدىم.
نەچچە يىل تەر توكتۇم بايغا ئىشلىدىم.
بىر قوۋزۇم تولمىدى تېرىق نېنىغا،
كوزلىرىم تەلمۈردى بۇغداي نېنىغا.
كۆلمىدىم بىر قېتىم، ئەلەم ئۆلپەتتۇر،
بۇ ئالەم قاراڭغۇ ماڭا زۇلمەتتۇر...»
دىگەندە ئۇ يىتىم ئۆزى ئۆزىگە،
قوشۇلدۇم ئىچىمدە ئۇنىڭ سوزىگە.
ئاھ يىتىم، جان يىتىم، جاپاكەش يىتىم،
ئاز قالدى زامانەڭ، سەۋرى قىل يىتىم.
راست دەيسەن ئەتىلا خوش خەۋەر ئاڭلا،
كۆلەرسەن ئەبىدى، سوزۈمنى تىڭلا!
دىدىم مەن: دەۋرىنىڭ شۇندا بۇيرۇغى،
كۆتكىنىڭ سىنىڭمۇ تاڭنىڭ يورۇغى.

1947 - يىل 1- ئاي، قەشقەر



# مۇڭلىرىم

غۇبارسىز تاڭ يېقىن گۈگۈم سەھەردە،
خىيالىم ئويناىدۇ ئۇزۇن سەپەردە.
مەقسىدىم دوستلۇقنىڭ ۋەسلىگە يېتىش،
تاڭ يولى مەنزىلدە مۇڭدىشىپ قېتىش.
شۇڭا مەن قالمىدىم تۈن بويى ئۇخلاپ،
كېلىدۇ بىر سۈيگۈ تاڭدىلا يوقلاپ.
قايسى چاغ يەلپىنىپ شامال ئوتكەندە،
چىن يارىم ئىنتىزار مېنى كۈتكەندە؛
دوست ئۈچۈن يانىدۇ دەرتلىك يۈرىگىم،
سىلەرگە باش ئىگىپ غۇنچە چېچىگىم.
ئىخ دوستلار، بولسىمۇ ئارىمىز يىراق،
مەخسەتتە ئۇزۇندىن بولۇشقان ئىناق.
سىلەرنى غەيرەتتە كەسكىن ئەسلەيمەن،
دۈشمەنگە ئۇلۇمدۇر، ئۇنى قەستلەيمەن.
تىلەكنى يۈرەكتە دائىم ساقلايمىز،
قىزارسۇن كەڭ ئۇپۇق، ئۇنى ياقلايمىز.
يادلاڭلار دوستلىرىم، باتۇر دوستلىرىم،
ئاڭلانسۇن سىلەرگە مېنىڭ مۇڭلىرىم.

1947 - يىل 3- ئاي، قەشقەر

# جەنۇبتىن خەت

سالام، ئەركىن قېرىنداشلىرىم،
بېشىڭ پەلەككە يەتكەن چاغلىرى.
سالام، ئەي باتۇر تىلەكداشلىرىم،
قورقماس يۈرىگىڭ تەڭرى تاغلىرى.

سالام، ئەي گۈزەل جىگەر ئوماغىم،
تاتلىق لەۋلىرىڭ مېنى سېغىنغاي.
سالام، ئەي گودەك كوزۇم قاراغىم،
سېنىڭ ياش دىلىڭ مېنى سېغىنغاي.

سالام، ئەي ئاق چاچ مېھرىبان ئانا،
تۈنلىرىڭ ئايدىڭ، ئۇزۇڭ راھەتتە.
ئارزۇلار قات- قات تىلەككە قانار،
ئوغلۇڭ غەيرەتلىك كەسكىن كورەشتە.

جەنۇبتىن سالام قوبۇل ئېتىلسۇن،
دۇنياغا يېڭى تۇغۇلۇپ كېتەي.



بەزىمىلىرىم تېز ساڭا قېتىلسۇن،
قايغۇ- ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ كېتەي.

جەنۇبتىن بىر سوز ئاڭلىغىن موماي،
خوتەن پەرىشان، ھەسرەت ماكانى.
كېچىسى زۇلمەت- موكۇپ ئاپتۇ ئاي،
كەڭ قۇچاق ئاچقان دەھشەت زامانى.

گادايلىق، خارلىق خەلققە يېپىشقان،
كوچا، بازاردا يۈرەر دىۋانە.
دەرتمەن پېقىرلار يىغلاپ يېتىشقان،
قوساق دەردىدىن ئويى غەمخانە.

"ۋادەرىخ !..." دەيمەن ھېيتكادا يۈرسەم،
ئوماق قىزچاقلار قىلىدۇ سازا.
تېنىم تىترەيدۇ غېرىبنى كورسەم،
تىلەيدۇ پېقىر تارتماستىن ئىزا.

ئاھ... ئېسىت ئانا، ھالىمىز شۇدۇر،
تاشتىن قاتتىغراق خەلقنىڭ تۇرمۇشى.
دىلىم پىنخانلىق، بېشىم غەمكىدۇر،
لېكىن يوقسۇلنىڭ يورۇق كەلمىشى.

دەرتلەرنى يۇتۇپ تايا قلار يىدۇق،
بىزگە هوكۇمران زالىم قامچىسى.
مەردانە تۇرۇپ، سەبىر ساقلىدۇق،
ھاقارەت قىلسا فاشىست داقچىسى.

جەنۇپتىن ئاۋاز، جان ئانا ئاڭلا!
ئۇيغاندى يوقسۇل چوڭ قەدەم ئېلىپ.
ئالەم يورۇيدۇ بۇگۇن يا تاڭلا
كۇنىمىز چىقار ، بەختىمىز كېلىپ.

1947 - يىل 5- ئاي، قەشقەر



# غالىپ بىز

بىز قىلىچ كوتەردۇق، زۇلمەت بېشىنى-
ياۋايى تېنىدىن قىلىشقا جۇدا.
ۋە لېكىن زەنجىرلەپ قول - پۇتىمىزنى،
قورقۇتماق-ئالدىماق بولدى بىرچاغدا،
قان ئىچكەن پادىشا، توييماس ئەجدىها.

ئەسىرلەر تۇنلىرى هوكۇمرانلىغى،
ۋەتىنىم قەلبىنى مۇجۇپ خۇن قىلىپ،
قۇل قىلماق بولۇشقان تىز چوكۇندۇرۇپ.
لېكىن سەن ساقلىدىڭ ئوز ئازاتلىغىڭ،
ئومىدىڭ ئوغلىنى دەرت - ئەلەم چېكىپ؛
قۇملۇقلار ،
ئورمانلار،
سايلار ،
تاغلارنىڭ،
سىرلىق قوينىغا چىڭ موكۇندۇرۇپ.

ئاڭلادۇق تۈنكېچە يىراق - يىراقتىن،
لېنىننىڭ جاراڭلىق ساز ئاۋاسىنى.
ئاڭلىدۇق شۇ مەھەل ۋەتەن كۆكىدە،
سايرىغان شۇڭقارنىڭ ئېرك ئاۋازىنى.

توپلىشىپ بۇلۇتلار يېشىن توككەندە،
تاشتى ساي دولقۇنى تاققا تەگلىشىپ.
گۈكرەپ ئات سېلىپ بوران ئۆتكەندە،
تارقىدى قۇزغۇنلار، جۇتلۇق تۇمانلار،
دات سېلىپ، قان قۇسۇپ ئىڭرەپ يىغلىشىپ.

يېڭىلمەس ھەقىقەت بولدى باشلامچى،
سەپ تارتىپ ئاتلاندۇق يانماس بورانداك.
ياۋ بىلەن ئېلىشىپ، قان كېچىپ جەڭدە،
يول باستۇق دولقۇنلاپ سەلدەك - قىيانداك.

بىز ئۆتتۇق، ئارقىدا قالدى بىپايان -
قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەس ياڭقۇنلۇق سايلار.
بىز ئۆتتۇق، باش ئېگىپ قالدى مۆگدىنىپ،
قىل كۆۋرۈك، بولۇڭتۇق تىلسىم قىيالار.

ئۆتىمىز بىز تېخى خەتەرلىك چۆلدىن،
خادىدەك بۇلۇتقا تاقاشقان تاغدىن.
ئۈنىڭسىز ئۈمىت يوق نۇرلۇق قۇياشتىن،
ۋە ياكى بىز كۈتكەن گۈلۈستان باغدىن.

1948 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر



## لېنىن بايرىقى

مارايدۇ تۇمانلىق دېڭىز كەينىدىن،
ۋابانىڭ ئىلاھى ئەجەللىك بولۇپ.
ئۆمىلەپ كەلمەكتە ئىشىك ئالدىغا،
ئادىمى سۆرەتلىك قاپ - قارا بىرجۇت.

ئېھتىمال يىقىلىپ يەتتە قات ئاسمان،
دەريادەك تاشقىنلاپ ئاققاندىمۇ قان؛
ۋە ياكى كۈن پېتىپ، ئۇچۇپ يۇلتۇزلار،
ھۇقۇشلار باشقىدىن تاپقاندىمۇ جان؛

تىترىمەس ۋەھىمىدىن تېنىمىز قىلچە،
چۈنكى بىز ھەممىدىن ئىگىز كۆتەرگەن-
لېنىن بايرىقى غالىپتۇر شۇنچە.
شۇ بايراق يەلپۈلدەپ ئاخىرقى جەڭدە،

بىز يېڭىپ چىققاندا بولۇر ئەل ئامان.
شۇ چاغدا جاھالەت بولغاندا ۋەيران،
بىز كۈلۈپ، تۈن يىغلاپ، يورۇيدۇ جاھان.

1948 - يىل 7 - ئاي، قەشقەر

## گۈزەلىم

گۈزەلىم، جۇدالىق تونلىرى ئېغىر،
تاغ بولۇپ باسسىمۇ بېرىمەن چىدام.
گۈزەلىم، كورگەندە سېنى چۈشۈمدە،
ھەسرەتلىك يۈرىگىم تاپىدۇ ئارام.

سەن بىلەن ئۇچراشماق ئۈمىدى مېنى،
ئۆلۈمدىن ھەرقاچان كېلىدۇ ساقلاپ.
سەنھايات، كوزۈمدە تاڭنىڭ نۇرلىرى
ئۈچمەستىن ئەبەدى تۇرىدۇ چاقناپ.

1948 - يىل 10- ئاي، قەشقەر *

* قەشقەردە، گومىنداڭنىڭ ھەربىي تۈرمىسىدا يېزىلغان.



## چۈش

چۈشۈمدە بوك ئۈسكەن تالنىڭ كەينىدىن
ئېچىلىپ غۇنچىدەك چىقتى ئاي جامال.
يىپەك ھال رومىلى يوشۇرسا ئۈنى،
ئاچىدۇ قېيىشىپ يۈزىنى شامال.

كەشتىچى تەبىئەت توقىغان گىلەم-
ئۈستىدىن ئۇ ماڭا كەلدى يۈزلىنىپ.
ھاڭ قېتىپ ھودۇقۇش، تەمتىرەش بىلەن،
ئىزتىراب ئىچىدە قالدىم ئەيمىنىپ.

لېكىن ئۇ ئالدىمدا ئاستا ئېگىلىپ،
تەبەسسۇم ئەيلىدى نازۇك - مۇلايىم.
قولىدا كوتەرگەن ئىككى گۈل قەدەھ،
قىپ-قىزىل مەي بىلەن تولغان لىپمۇ-لىپ.

ئۇ دېدى پىچىرلاپ ماڭا: « ئىچ بۇنى،
شۇ چاغدا تونۇيدۇ يۈرىگىڭ مېنى.»

سويۇشتى گۇل قەدەھ، ئاندىن يۇرەككە—
قۇيۇلدى شۇمەينىڭ شەربىتى، قېنى.

يوچۇن هال ... كەتتىمۇ ئالداپ خىيالىم،
تۇرىمەن يىگانە، ئۇ بولدى غايىپ.
لەيلىگە ئوخشايدۇ هوسنى-سىياقى،
تۇيۇلدى بۇ سەھنە ماڭا ئاجايىپ.

ئاھ... قاچان ئۇ ماڭا بولىدۇ نىسىپ،
ئارماندا كېتەمدۇ كىشى ئۇيقۇغا؟
ئېرىماي كەتكەندە شورلۇق پېشانەم،
چومىدۇ ئەزىز باش ھەسرەت - قايغۇغا.

1949 - يىل 5- ئاي، قەشقەر

*****



# مارت چېچەكلىرى

## I

ئاياللار، يېڭىلىشنىڭ ئوتمۇشتە كەتتى،
ئارزۇ يولچىمىز نىشانغا يەتتى.
ئوتمۇشتە هۇقۇقشلار سېتىپ ئەپسانە،
توسىدى هورلۇكتىن، بولدۇق ۋەيرانە.
ئاياللار خارلىنىپ ئازاپتا ياتتى،
قان يۇتۇپ كۇلپەتتە، باشلىرى قاتتى.
گۇل جامال تاشلاندى زالىم قوينىغا،
ئاغامچا سېلىندى رەنا بوينىغا.
پاتىگۇل يورۇقنى زادى كورمىدى،
بىر مىنوت كوڭۇللۇك خىيال سۇرمىدى.
ئۆلىمىدىن خەۋەرسىز قالدى ئۇ قىزچاق،
قان ئاقتى كوزىدىن تامچىلاپ مونچاق.
قاراڭغۇ، تار ئويدە بىچارە تۇتقۇن،
كورۇنمەس كوزىگە نۇرانە ئوچقۇن.
بۇچەقىز سايرىدى سەھنىدە ئازراق،
تەلپۇنەك ئىستىدى، سۇيگۇگە ئامراق،

ئەركىنگە قويىسىدى بوۋچەمنى ئاتا،
باي ئىستەپ ئاخىرى نادا پقا قاتا.
بۇزۇلدى تۇرمۇشى، چىرايى سولدى،
گۈلىنى توزۇتۇپ، چاڭ - توزاڭ قوندى.
بىلىمىز: گادايلىق تاشتىنمۇ قاتتىق،
ئېغىر كۈن كۆچۈردى بېلىقىز ئاتلىق.
ئاخىرى بېلىقىز ئۈششۈپ توڭلۇدى،
تۇمۇسنىڭ پەردىسى دەرھال سۆكۈلدى.
ئاي پاشا ياش چېچەك قىشنى كۆرمىگەن،
بىرغۇنچە قىز ئەمدى چىراي تۇرمىگەن؛
ئالدىنىپ شەيتانغا جاھىل ئاتىسى،
قوشۇلۇپ لاپ سوزگە ۋىت - ۋىت ئانىسى؛
پۇلنى دەپ قىزىنى ئالدىغا سېلىپ،
بىرقېرى ساتقۇنغا ھەدىيە قىلىپ؛
ياش گۈلنى توزۇتتى بەختسىز كېچە،
يۈرەككە داغ سالدى تاكى ئۆلگىچە.
يېتىمە قىزچاقلار كوچىدا يۈرگەن،
بۇردا نان تاپمىسا ئۆلۈمنى كۆرگەن.
ئوغرى باي يوقسۇلغا رەھىم قىلمىغان،
تاماخور تويماسلار كوزگە ئىلمىغان.
ئىنساپسىز قوساقلار، يۈزسىز جاناپلار-
ئالدىدا خار بولغان سانسىز ئاياللار.
" بايغا تورت،شاھقا قىرق "دىگەن پەتىۋا،
قۇللۇقنىڭ يولىدۇر، بايلار ئەتىۋا.
ئاياللار ئوتمۇشتە خار ئىدى دىدەك،
جاھالەت-نادانلىق چالاتتى غىنچەك.



II

ئەي يوقسۇل ئاياللار، كۈنۈڭ تۇغۇلدى،
ئېچىلدى گۈل بەختىڭ، زۇلمەت بوغۇلدى.
چىق تۇتقۇن قەپەزدىن!... ئەركىن ئۇچقۇر،
بولبۇلدەك سايرىغىن، قانات قېقىۋەر.
ئوتقا ياق چۈمبەلنى! توسما كوزۈڭنى،
نۇرلاندۇر قۇياشتا سەبدە يۈزۈڭنى.
لېنىننىڭ يولى كەڭ، ئاياللارمۇ تەڭ،
ھوقۇقىڭ ئۆزەڭنىڭ، ئىشلەشكە تۇر يەڭ!
يەكسان قىل، كونىلىق سېنىڭ دۈشمىنىڭ.
كۈرەش قىل! شادلىغىڭ سېنىڭ كۈتكىنىڭ.
ئوزۇڭ ياق!... ئوخلۇماي كۈرەش ئوتىنى.
رازى قىل ئانانىڭ ئاقلاپ سۈتىنى.
ھەۋەس قىل ئىلىمغا، ياردىن ئەزىز كور،
نادانلىق ئادەتنى يىراق يەرگە سۈر.
ئۆگىنىپ ئىلىمنى، باغلاپ بېلىڭنى،
گۈللەتكىن كۈچ سېلىپ سۆيگەن ئېلىڭنى.
مېھنەتنى ياراتقىن، ئۇنىڭغا كويگىن،
مېھنەتتىن ھالاۋەت، سائادەت سويگىن.
زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ تاغدا تۇۋلايدۇ،
سەھەر تۇر، گودوكلەر سېنى چىللايدۇ.
ئىشلىگىن ئېتىزدا، كاندا ۋە باغدا،
ئېچىلسۇن غۇنچىلار گىياسىز تاغدا.
ئالىمە بولۇڭلار ھۇشيار ئاياللار،

چەنگە جان قوشۇقلار، ئىجات قىلىڭلار.
تېز چىقسۇن سىلەردىن شائىرە زوھرە،
بەختلىك تاھىرغا بولۇپ چىنىڭ جورە.
يېزىڭلار داستانلار، نۇردەك ئەسەرلەر،
ئۆتمۈشتىن ھەم تاڭدىن بەرسۇن خەۋەرلەر.
ئوقۇسۇن خەلقىمىز مۇھەببەت باغلاپ،
سىلەرنى ھۆرمەتلەپ، مۇتىربان چاغلاپ.
سەھنىنىڭ گۈللىرى ئېچىلسۇن سىزدىن،
سەنئەتنىڭ بۇلبۇللىرى سايرىسۇن تېزدىن.
ئۇچقۇچى بولۇڭلار، ئاسمان كەڭ تاشا،
ئۇچۇڭلار، كوككە بولۇپ پادىشا.
ئۇچۇڭلار ئەڭ ئېگىز ھىمالايغىمۇ؟
ئۇ يىراق مارسقىمۇ ۋە يا ئايغىمۇ.
مارس قىزى سېغىندى، سىلەرگە ئامراق،
سالاملار ئەپكىلىڭ بىزلەرگە تېزراق.
ئويناڭلار قاقاقلاپ، مارت چېچەكلىرى،
ئېچىلدى بەختنىڭ كەڭ ئىشىكلىرى.

1950 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر



## گۈللەر تۇتۇمىز يېڭى دۇنياغا

(يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن)

گوللەر تۇتۇمىز يېڭى دۇنياغا،
يېڭى يىل بىلەن ئۇنى تەبرىكلەپ.
ئوتلار چاچىمىز كونا دۇنياغا،
گورىنى قېزىپ، ئۆلۈمىن تىلەپ.

سالام، ئەي قىزىل ئۈپۈق قۇياشى،
ئالەمگە نۇرۇڭ بىردەك چېچىلغان.
سالام، ئەي شەرقنىڭ قىزىل چولپىنى،
يوقسۇلغا تاڭنىڭ يولى ئېچىلغان.

سالام، ئەي يېڭى دۇنيا ئەللىرى،
ئەلەمسىز تۇرمۇش مەڭگۈ دوستىمىز.
بىزدە بەك تاشقان ئەمگەك سەللىرى،
شۇڭا ياشنايدۇ گۈلدەك بەختىمىز.

ئازات ياشايمىز يېڭى دۇنيادا،
مېھنەتتىمۇ تەڭ، راھەتتىمۇ تەڭ.
ئۇسۇمىز ئەركىن ئۇچقاندەك گويا،
ئىجادىيەتكە ھەممە تۇرۇپ يەڭ.

ئەي كونا دۇنيا — زۇلۇم دۇنياسى،
ئۆمرۈڭ قىسقارغان چىكەتكىگە تەڭ.
«تىچلىق!» دەيمىز تا ئاخىرغىچە،
يوقالسۇن ئۇرۇش - ئادالەتسىز جەڭ

ئەي كونا دۇنيا، خەتەرلىك قىرغاق -
جويىغا كەلدىڭ، قالدى بىر قەدەم.
دولقۇن غەزەپلىك، تۇندىمۇ ئويغاق،
سېنى يۇتماقتا، تاشار دەممۇ - دەم.

1951- يىل 1- ئاي



# قەشقەر

ئەي قەشقەر، تاشماقتا پامىر بۇلىغى،
شوخ دەريالىرىڭ ئاقار ئۈركەشلەپ.
قۇچىغىڭ گۈلۈستان، ھايات يايلىغى،
باھارىڭ يەلپۈنگەن تاغدا چېچەكلەپ.

ئەي قەشقەر، نامىڭنى ئوقۇپ داستاندا،
ئاڭلىدىم ھەممۈتنى سىنىڭدە، ئۇسكەن.
ئۆتكەن كۈنلەردە زۇلۇم تاشقاندا،
بوۋىمىز «ھورلۇق!» دەپ نۇرغۇن قان توككەن.

تۇغۇلسام سىنىڭدە، تۇرمۇشۇڭ ۋەيران،
ھوكۈرەر زولۇمنىڭ دەھشەت توپىنى.
تىرنىكتاپ راھەتتە، مىليۇنلار سەرسان،
«ئاھ...»، دىسە ياڭرايتتى قايغۇ چوقىنى.

زالىم بەگ دەستىدىن يېزىلار يىغلاپ،
كەچكۈزدە، جۇتلۇقتا دانسىز قالاتتى.

دوغىلار دېخاننى كۆندە قامچىلاپ،
ئايىغى ئاستىدا ھامان تېپەتتى.

دېخان بىچارە تىنەپ-تەمتىرەپ،
پومىششىك ئىشىگىدە قىساتتى بويۇن.
تىنجىماس ئېزىلگەن كوڭلى ئەنسىرەپ،
بېشىدا يۈرەتتى بىر تەتۈر قۇيۇن.

دېخاننىڭ باللىرى پومىششىككە قۇل،
قىش ۋە ياز جاڭگاللاردا باينىڭ مالچىسى.
قايرىلىپ غۇنچىلار، ئېچىلمايتتى گۈل،
مەسۇمە قىزلارنىڭ كۆندە نالىسى.

دېخاننىڭ ئايالى تىزىنى پۈكۈپ،
ياقاتتى ھېمىشە باينىڭ نېپىنىنى.
ئاچچىق ئىس دۈتىدىن يېشىنى توكۈپ،
مولدۈرلەپ يىغلايتتى قىيناپ جېنىنى.

پارچە نان، تامچە سۇ ئۈچۈن تەلمۈرۈپ،
دۈغدۈيۈپ يۈرەتتى يوقسۇل باللىرى.
زىمىستاندا ئۈششۈگەن پۈتۈن تەبىئەت،
سەھەردە يىغلايتتى جىلغا تاللىرى.



يادىمدا تېخىچە گومىنداڭ جاللات،
تىرىكلا كومدۇلدى نەچچە ئوغلانىڭ.
ھەر ئويدە مۇسىبەت، ھەر ياندا "ۋاي-دات!..."
بوغۇلدى تۈنجۇقۇپ قۇۋۋەت-دەرمانىڭ.

كەينىمدە لاللما ئىت، ئالدىمدا قاپقان،
قىسىلىپ يامانىيا بويىغا موكتۇم.
مېھرىبان ئارا شور جىم-جىت بىر ئورمان،
كېيىكلەر دوستلىرىم، بىللە ياش توكتۇم.

شۇچاغدا يامانىيا بويىغا كەلسەم،
مۈڭلۈنۈپ سۇلىرىڭ ئېغىر ئاقاتتى.
ياش روھىم ئېزىلىپ، تارام ياش توكسەم،
دولقۇنۇڭ شوخلۇنۇپ كوڭلۇم ئالاتتى.

مۈڭدۈشۈم، سۆيگىنىم بولدى سىرداشىم،
ئاي تۇتۇق، بەك گۈگۈم ئەنسىز كېچىدە.
ئۇ بولدى مېنىڭكى ئومۇر قاياشىم،
بەختسىز، بەختلىك كۈنلەر ئىچىدە.

ئاھ... قەشقەر شۇ چاغدا قانلىق بىر كېچە،
ئوتكەندى بېشىڭدىن جاللات ھودۇققان.
كەتمەيدۇ يادىمدىن تاكى ئولگىچە،
بەختسىز قارا كۈن ماڭا يولۇققان.

ئەچچىمىز سېنىڭدىن مەڭگۈ خوشلاشتۇق،
ئەجەلنىڭ ئالدىدا غەزەپكە تولۇپ.
ئەچچىمىز باش ئېلىپ تاغلارغا كەتتۇق،
سۇ سىز، پىيادە پەرىشان بولۇپ.

قىينالدىڭ، پۈتمىدى تاتلىق ئارمىنىڭ،
كاج زامان بىزلەرگە بولسىمۇ زىندان.
قايغۇلۇق كۈلپەتلەر سېنىڭ پەريادىڭ.
تارىختا بولىدۇ ئۆزۈن بىر داستان.

ئاتىسىز، يارسىز قالغانلار يىغلاپ،
مۇڭلۇق هويلىدا كۈننى ئۆتكۈزدى.
خورلۇقنىڭ ئوتىدا باغرىنى داغلاپ،
تىكەندەك جېنىنى ئاران پاتقۇزدى.

كوپ ئەسىر يىغلىغان نۇرسىز كوزىمىز،
يۇلتۇزدەك چاقنىدى، ئۇيقۇ سۇزۇلدى.
قان كىردى تومۇرغا، گۇلدەك يۈزىمىز؛
قۇللۇقنىڭ زەنجىرى ئەمدى ئۈزۈلدى.

سۇ كېچىپ،ساي بېسىپ، قار - مۇزلار ئېشىپ،
ئازاتلىق ئارمىيە كەلدى ئولكىگە.
چىقتۇق بىز ئالدىغا گۇل چىراي ئېچىپ،
زامانلار ئەرزىيدۇ خوشال كۆلكىگە.



ئەي ئېلىم، كۆرەشتە كۈچۈڭنى كورسەت،
ئىرىك تاپ پومىششىك مىجىپ تاشلانسۇن.
كۆرەشنىڭ يولىدا غەلىبە دۆلپەت،
تۇرمۇشتا يېڭىچە هايات باشلانسۇن.

بۇ - تەڭلىك يولىدا بىرىنچى قەدەم،
دىخانلار زوقلىنىپ ئەركىن ئىشلەيدۇ.
پومىششىك قاخشايدۇ، بېشىدا ماتەم،
ئولۇمنى سېغىنسا بىزنى چىشلەيدۇ.

مانا بۈگۈن جان قەشقەر، بەختلىك قەشقەر،
ئۈستۈگدە لەپىلدەر قىپ - قىزىل بايراق.
خۇشخۇي باهارىڭ، كوكۇللۇك سەهەر،
تۈنلىرىڭ ئاپ - ئايدىڭ، قۇياشىڭغا باق.

1951 - يىل 2- ئاي، ئۈرۈمچى

*****

## باھار قىزىغا

تەۋرىتىپ سەھەردە ئويغاتتى مېنى،
سېغىنغان جەننىتىم يازنىڭ شەپىسى.
مەن ئاچتىم دەرىزە، كورۇشكە سېنى،
كورۇنمەس كوزۇمگە تۈن قاراڭغۇسى.

كوك دېڭىز دولقۇنى-كۇمۇش رەڭ دولقۇن،
جىمغىنە تۈرىدۇ ئۇگە باسقاندەك.
يۇلتۇزلار پەرىسى يۇرىگى يالقۇن،
كويدۇردى باغرىمنى گۇلگۇنچەك قىزدەك.

رەڭمۇ - رەڭ ئېچىلغان تاڭ چېچەكلىرى،
باش ئېگەر تەۋرىنىپ، ئەركىلەپ ساڭا.
ئەسلىتەر چېچەكنىڭ خۇش پۇراقلىرى،
ئەترە بوي گۇزەلنىڭ لىۋىنى ماڭا.

چېچەكنى تارايدۇ سىردىشىڭ شامال،
بەختىڭنىڭ سوۋغىسى ئالتۇن تاغاقتا.



گۇلۇستان غۇنچىسى گۇل چىراي جامال،
سەن، مېنى چىللايدۇ تۇرۇپ يىراقتا.

چالماقتا گويا ئۇ ئويناق سازىنى،
ئارمانسىز ياڭرىتىپ جېنىمنى قىيناپ.
تاقەتسىز ئاڭلايسەن خۇش ئاۋازىنى،
تەنلىرىڭ جۇغ ئېتىپ، يۇرىگىڭ ئويناپ.

خىيالىڭ دەرياسى تاشتى شۇ زامان،
دولقۇنى قويىندا شوخ ئۇزمەكتىسەن.
ياپ - يېشىل قىرغاققا يېتىشىپ چاپسان،
گۇل تۇتقان قىز بىلەن مۇڭداشماقتىسەن،

1954 - يىل 4- ئاي، ئۇرۇمچى

## سايرام بويىدا

سېنى سېغىنىپ ئېلى ۋادىسى،
سەھەر تۇرىمەن چولپانغا قاراپ.
يەلپۈنىدۇ باھار غۇنچىسى،
تاغنىڭ شامىلى بەرگىنى تاراپ.

تېخى يېقىندا سايرام بويىدا،
قونۇپ قالدىم پەقەت بىر كېچە.
ھەۋەس ئويغاندى ئوتلۇق دىلىمدا،
ئۇنتۇماسمەن تاكى ئۆلگىچە.

يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇزۇن كوز قىستىم
ئاسمان قىزلىرى بىلەن ئوينىشىپ.
زوقۇم قوزغىلىپ چۇڭقۇر سىرداشتىم،
كۈچلۈك دولقۇنلار بىلەن مۆگدىشىپ.

بارا - بارا دولقۇن كۈچەيدى،
كەتتىم خىيالغا رەيھاننى ئويلاپ.



تاغنىڭ شامىلى مەڭزىمگە سۆيۈپ،
ئاستا ئۆتمەكتە چىمەننى بويلاپ.

بىر چاغ قارىسام، كۈمۈشتەك سۇدا
جىلۋە قىلىدۇ قۇياشنىڭ ئەكسى.
ئەتراپ قىزىرىپ ياسانغان چاغدا،
ماڭا ئاڭلاندى بەخىت كۈلكىسى.

يارىشىپ كۈلكە، تەپمەكتە يۈرەك،
ھەردەم سېغىنىپ تويلار - تويىنى.
تاڭ مەلىكىسى قىلىدۇ سەيلە،
چىرايلىق باھار سايرام بويىنى.

1954 - يىل 9 - ئاي، سايرام

# پارتىيىگە سالام

قوبۇل قىل پارتىيە. بۇ سالامىمنى،
خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىن يوللىدىم ساڭا.
ھېچنەرسە باسالماس ھېسسىياتىمنى،
مېھرىلىك يالقۇنۇڭ تۇتاشقان ماڭا.

سەن ئۈچۈن دېڭىزدەك كۆتۈرۈپ دولقۇن،
تاشماقتا خەلقىمىنىڭ چىن مۇھەببىتى.
يولۇڭغا ھەممىنى ئاتاپ قويغان بىز،
يېڭىمىز كەلسىمۇ ئۇلۇم دەھشىتى.

ئاق كۆڭۈل پەرزەنتىڭ ئولمەس چىن تەنچىۋ،
قەۋرىسى ئۈستىگە گۈلدەستە قويدۇق.
نامىنى ئەبەتكە ئۇنتۇماس ئۈچۈن،
ئالتۇن لەۋھىگە نەقىشلەپ ئويدۇق.

تاغلارنى، دەريانى، سىرلىق ئورمانىنى،
مۈڭلىنىش، ۋەھىمىدىن قايغۇ باسقاندا؛



قەپەزگە سولانغان شىردەك ھۆكىرەپ،
خەلقىمىنىڭ غەزدۆى قايناپ تاشقاندا؛

مىڭ بالا - كۈلپەتتە مۇشەققەت چېكىپ،
ئازاتلىق ئېڭىنى ئۆزۈڭ ئۆستەردىڭ.
قانلارغا بولۇنۇپ جېنىڭنى تىكىپ،
تاغلاردىن ئېگىزرەك دولقۇن كۆتەردىڭ.

تۇمانلىق كېچىدە ئەجەل ئۈچقاندا،
قان كېچىپ زۇلمەتنى گورگە پاتقۇزدۇڭ.
غەلىبە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
ساپ قانلار شولىسىدىن تاڭلار ئاتقۇزدۇڭ.

كوز ئاچتۇق يېڭىدىن كۈلۈپ جاھانغا،
سەن بەرگەن ھوقۇقتىن ياشناپ دىلىمىز.
ئىلگىرىلەپ، گۈل قىسىپ يېڭى زامانغا،
ئۇسمەكتە كۈرەشتە غالىپ بەختىمىز.

بەختىمىز شەنىگە تويلار باشلىدۇق،
ئوكتەبىر تېڭىدا گۈلدەك ئېچىلىپ.
تويلارنىڭ تويىغا قەدەم تاشلىدۇق،
ئالدىمىز يورۇغان نۇرلار چېچىلىپ.

چالىمەن دۇنيانى ھەيرەتتە قويۇپ،
بۇ توينى تەبرىكلەپ خوش راۋابىمنى.
تۇتۇمەن بېشىمدىن ئەگىز كۆتىرىپ،
سەن ئۈچۈن ئاتىغان بال - شارابىمنى.

1955 - يىل 9- ئاي، ئۈرۈمچى.



## تاڭ سەھەر

قەلبىمنى يورۇتۇپ تاڭ يالقۇنلىرى،
ئاخشىلار - ناۋالار بىلەن مۇڭداشتىم.
كۆكسۈمدە تاشقاندا ھىس دولقۇنلىرى،
شائىرلىق ئىلھامى بىلەن سىرداشتىم.

ئاي موكۇپ، يۇلتۇزلار ھۇركۈپ قاچقاندا،
تەبەسسۇم پەردىسى ئۇتقاش چوغلاندى.
شەرق قىزى يۈزىگە ئەڭلىك ياققاندا،
گوگۇملۇق مومىيى يىراق قوغلاندى.

ئاققۇدەك چوققىدا، ياقۇت قىيادا،
سىردىشىپ تۇردۇ ھالرەڭ بۇلۇتلار.
كۇمۇشرەڭ چىلتەكدەك شاقىراتمىنىڭ،
جامىدىن سۇ ئىچەر بۇغا - ماراللار.

ئېقىشىپ چىمەن قاش - يېشىل قىرلاردىن،
شەبنەمدەك سۈپ - سۈزۈك ئويناق جىلغىلار؛

قۇچاقلاپ بىرىنى بىرى قەلبىدىن،
ياراتقان دولقۇنلۇق ئۇلۇغ دەريالار.

قەشقەرنىڭ قىزلىرى تىككەن كەشتىدەك
دەريانىڭ قاشلىرى گۈزەل رەڭ ئالدى.
تولغىنىپ ئاققان سۇ گويا سىماپتەك،
ئۇزاقتىن پاقىراپ كۆرۈنۈپ قالدى.

ئۇسسۇلچى ئورمانلار تازىم قىلىشىپ،
سۆزلىگەن ئۇپۇقنىڭ سۆيدى لىۋىدىن.
قاناتلىق سازچىلار ئەركىن سايرىشىپ،
قوشاقلار توقۇشتى ئوتلۇق دىلىدىن.

نۇرلارغا چۆمۈلۈپ ھايات جانلىنىپ،
كۆتەردى مەردانە مەغرۇر بېشىنى.
ئاھۇلار سىرداشقان ساي بۇلاقلىرى،
ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ سۆزدى قېشىنى.

قاپلىغان كۈمۈش قىر — بەرقۇت دالىنى،
رەڭمۇ - رەڭ بۇلۇتتەك توپ - توپ چارۋا مال.
قىرقىزى سۇنماقتا قايماق، سۈتىنى،
زوق ئەيلەپ شەھەرگە ئىگىلىپ خوشال.



تورخۇنلار بېشىدىن سۈررەڭ بۇلۇتلار،
ئۈزۈلمەي يىراققا كېتەر كارۋاندەك.
دومنىلار باغرىدا يېيىنىپ يالقۇنلار،
لاۋىدەك دەريالار ئاقىدۇ سەلدەك.

نەدىدۇ بوز يىگىت ئەيتىدۇ ناخشا،
زوقلۇنۇپ دولقۇنلۇق ئالتۇن باشاقتىن.
ناخشىغا قەلبىدىن باغلاپ مۇھەببەت،
تاڭ قىزى چىقماقتا ئالمىلىق باغدىن.

قىزغۇچ ھال ياغلىقنى ئارتىپ ياسىنىپ،
ئاق ئالتۇن ۋادىسى كۈلۈمسىرەيدۇ.
يارتىپ خۇشپۇراق غۇنچە نازىنى،
كېپىنەك قونۇشۇپ ئۇنى بىزەيدۇ.

باراقسان گۈلستان گىرە سېلىشىپ،
چىرايلىق بىنالار ھۆسنىگە باققان.
ياشنىغان گۈلباھار قۇچاق ئېچىشىپ،
شۇ سەھەر - شۇ تاڭغا زەپمۇ ياراشقان.

شۇ تاڭدەك جىلۋىلىك چىرايلىق ھايات،
مەن ئۆسكەن دىياردا ئۆستى گۈللىنىپ.
شۇ تاڭغا نۇر ۋە جان بېغىشلاپ مەڭگۇ،
قىپ - قىزىل بىر قۇياش چىقتى زوقلىنىپ.

ئېيتقىنا، دۇنيادا باشقا بىرەر تاڭ،
ھوسنىدە شۇ تاڭغا تەڭ كېلەمدىكىن؟
خالىساڭ قۇلاق سال گۈزەل مەلىكە،
يالقۇنلۇق يۈرىگىم نېمە دەيدىكىن؟

1961 ـ يىل 7 ـ ئاي، ئۈرۈمچى



## ساي بۇلاقلىرى

يېزىنىڭ غەربىدە ـ غىلاڭ ساي ئارا،
تۇرىدۇ يالغۇز كەنت خېلى ئۇزاقتا.
رەقىپتەك تىنىك يارلىق جىلغا ھەر زامان،
كەنت بىلەن يېزىنى ئاجرىتىپ تۇرغان.
شۇ كەنتنىڭ چىرايلىق گۈل قۇچاقلىرى،
بېشىدا تۇرنا كوز ساي بۇلاقلىرى.
بۇلاقلار بېشىدا سۇمبۇل تاللىقتا،
سايرايدۇ تۇمۇچۇق تاڭدا شاتلىقتا.
ئاھۇلار، توشقانلار زاماندىن ـ زامان،
بولۇشقان بۇلاققا سەھەرلىك مېھمان.
بۇلاقلار بېشىدا سۈيگۈ ئىزدىشىپ،
سويۇشكەن قانچە ياش تاتلىق سىردىشىپ.
بۇلاقنىڭ سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ،
باغرىنى شۇ كەنتكە زوقلۇنۇپ يېقىپ؛
باغلارنى ـ ئېتىزنى كەلگەن قاندۇرۇپ،
ھەر دائىم ھاياتنىڭ مېھرىنى ياندۇرۇپ.

بىر كېچە قاپ - قارا بوران ھوكىرەپ.
كېلىشتى قۇملارمۇ كوچۇپ، ئۇمىلەپ.
كومۇلۇپ بۇلاقلار غايىپ بولۇشتى،
كوچمە قۇم ئاستىدا دەرتكە چومۇشتى.
كوچۇرۇپ قۇملارنى بۇلاق كوزىنى -
ئېچىشقا سالغاندا كەنتنىڭ ئوزىنى.
كوچەمدۇ بىر ئايدا غادا يىغان ئاپەت،
قىلامدۇ گۇزەل كەنت ئاڭغىچە تاقەت!؟
لېكىن، كەنت ئەگمىدى ھەرگىز بېشىنى،
ۋە ياكى توكمىدى تامچە يېشىنى.
كەنت ئۇچۇن يېڭىنىڭ قۇدرەتلىك قولى -
سۇنۇلۇپ، تاغدەك كۇچكەلدى بىر يولى.
سەھەرلەپ قانچىلاپ ئەترەت تۇزۇلدى،
ئاپەتنىڭ دەرمانى تەستە ئۇزۇلدى.
كېچىلەپ - كۇندۇزلەپ توختىمىدى جەڭ،
ئاپەتمۇ باش ئەگدى كېلەلمەستىن تەڭ.
بۇلاقنىڭ كوزلىرى ئېچىلدى ئويناپ،
قۇياشمۇ بۇلاققا چومۇلدى بويلاپ.
گودەكلەر سەكرىشىپ سېلىشتى چۇقان،
شاتلىقتا ھەممەيلەن چومۇشتى شۇ ئان.

ئېقىنۇر مەڭگۇگە ساي بۇلاقلىرى،
ياشنايدۇ ھاياتنىڭ گۇل قۇچاقلىرى.
كەلسىمۇ چاڭ سېلىپ تەبىئى دۇشمەن،
ئۇنىڭدىن غالىپدۇر خەلق كۇچى دىگەن.

1961 - يىل 7- ئاي، تۇرپان.



## بوران يىغلايدۇ

جەننەت يار جامىغا تولدۇرۇپ شەرۋەت،
تۇتقاندا ھاياتقا باغلاپ مۇھەببەت؛
قېتىشىپ بۇلبۇللار قەلبىدىن قوشاق،
قوزغىلىپ يىراقتىن كېچەسى بوران،
ھوكۇرەپ باستۇرۇپ كەلدى شۇ زامان.

× × ×

بۇ ئاپەت كورەڭلەپ گويا مەيلىچە،
چاڭ سالدى يېڭىغا تاڭ سەھەرگىچە.
ئۇرۇكلەر، ئۇزۇملەر، ئالمىلار مۇڭلۇق -
تۇرىدۇ پىچىرلاپ: «نىمە قىلغۇلۇق؟»
نازۇك دىل كىشۋەزلەرىيۇمۇپ كوزىنى،
قەد پۇككەن سولۇشۇپ تاشلاپ ئوزىنى.
دان تۇتقان باشاقنىڭ بوينى ئۇزۇلگەن،
ئىخ... بونداق پالاكەتقاچان كورۇلگەن!؟

× × ×

دەرەخلەر بېشىنى ئەگسىمۇ بوران،
قەددىنى پۇكمىدى يېزا ھىچ قاچان.

يازبويى غەيرەتتە شۇمىدەكلەپ يەڭ،
ئاتلىنىپ قەيسەردەك يېزا قىلدى جەڭ.
پېشانە تەردىنى توكتى دەريالاپ،
ئېتىزنىڭ باغرىغا ئۈمىت بېغىشلاپ.
ئارزۇنىڭ بىخلىرى كوتەرگەندە باش،
شاتلىقتىن ئەگىدى كوزدە ئىسسىق ياش.
ئاق قوناقبويي تارتىپ، يەلپۈللەپ سەھەر،
يەنە مول هوسۇلدىن بەردى خوش خەۋەر.
خاماندا چەشلەنگەن مەرۋايىتنى سەن —
كورگەندە هەيران بوپ تاغمىكىن دەيسەن.

× × ×

جىم، سالقىن سەھەردە تۇرىدۇ يورۇق،
نۇرلىنىپ بىر رۇجەك كورۇنۇپ ئوچۇق.
شۇ ئويدە ئورمانچى، ئايىشگۈل، تاشۋاي،
كوزلىرى يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ تىنماي.
ئۈچەيلەن سورۇننى قاچان قۇرۇشقان،
كۈلدۈرۈپ ئالەمنى تاڭمۇ يورۇشقان.
«ئورمانلار سەپ تارتىپ تۇرسا سوزۇلۇپ،
بورانىنىڭ يوللىرى مەڭگۈ توسۇلۇپ،
يېزىمىز بولغاندا باغۇ - گۈلۈستان،
قان يۇتۇپ يىغلايدۇ تىز پۈكۈپ بوران.»
دىگەندە ئورمانچى لايىھىگەقاراپ،
كوزىدىن ئۇچقۇنلاپ نۇرلار چېچىلدى،
بوۋاي-هەم گۈزەل قىز كۈلۈپ ئېچىلدى.



× × ×

ئايىشگۈل ئويغىنىپ سەھەر ساچ تاراپ،
ئويلاندى قىزارغان ئۇپۇققا قاراپ.
ئومرى باھارى كۈلۈپ - چېچەكلەپ،
ئالدىغا كەلگەندەك بولدى تەبرىكلەپ.
تەۋرىنىپ ياشنىغان ياپ - يېشىل ئورمان،
باش ئىگىپ پىچىرلاپ دىدى: «ئايىشخان،
سىز بىزگە مېھرىبان دائىم كويۇنگەچ،
دىلىمىز سۇ ئىچتى سىزگە سو يۈنگەچ.
تونۇگۈن ئالايغان بوران شۇدەمدە،
ئەگدى باش، تىز پۈكۈپ، يىغلاپ ئەلەمدە.
بوستانلىق قوينىمىز گۈل غۇنچە ئاچتى،
بۇلبۇلنى قوندۇرۇپ خۇش پۇراق چاچتى.»
تەبەسسۇم قوزغىلىپ قىزنىڭ يۈزىدە،
چاقنىدى تاڭ نۇرى ئۇنىڭ كوزىدە.
شۇ ئاندا ئاڭلاندى ئەجەپ خۇش ئاۋاز.
ئورمانلار چالدىمۇ بۇلبۇل تىللىق ساز.

1961 - يىل 10 - ئاي، تۇرپان

# ۋەتىنىم ئىشقى

ئاي نىمە، كۈن نىمە، تاڭ سەھەر نىمە،
جىمىكى گۈزەللىك خۇما كوزۇڭدە.
سازنىمە، تويىنىمە، ھەممە خوشاللىق،
تەبەسسۇم ئويىنىغان غۇنچە لېۋىڭدە.

تاغ ئىدىم باشلىرى كوككە تاقاشقان،
باش ئىگىپ ئالدىڭدا ئىگىلدىم يەرگە.
شىر ئىدىم ئورمانىنى لەرزىگە سالغان،
ياۋاشلاپ كېتىمەن سېنى كورگەندە.

چۈنكى سەن ۋەتەنىنىڭ ئىشقى ئوتىنى،
ئوچمەس قىپ يۈرەككە يېقىپ ئوتكەندىڭ.
مېنىڭمۇ توي قىلىپ ۋىسالغا يەتكەن،
بەختلىك كۈنۈمنى ئۇزاق كۈتكەندىڭ.

1964 - يىل 7 - ئاي



# مېھمان

ھاياتلىق قىسمىتى قىلدىمۇ شەپقەت،
ئەجەبا يولۇقۇپ قالدۇق ئىككىمىز.
ئۆزۈڭدىن سېغىنىپ يۈرگەن يۈرەكتەك،
شۇ كېچە سىردىشىپ قالدى مېھرىمىز.

گۈل بەرگى شامالدا پىچىرلىغاندەك،
نىمانچە تىترەيدۇ سېنىڭ ئاۋازىڭ.
چىمەندە كېپىنەك قوغلىغان قىزدەك،
نىمانچە يېقىملىق سېنىڭ شوخ نازىڭ.

ئىككىمىز جاھانغا قانچە كۈن مېھمان،
ھازىرچە بۇ بىزگە سىرلىق تېپىشماق.
بىر كۈنى يا سېنىڭ، يا مېنىڭ كوزۇم -
يۇمۇلسا، ھاجەتمۇ ئوكسۇپ يىغلىماق.

1964 - يىل 10- ئاي، قەشقەر

# گۈل باھار

كەتكىنىمدە باغلار ئارا كورۇندىڭ،
كۇلۇمسىرەپ قولۇڭ سوزۇپ يىراقتىن.
يېنىپ ساڭا باققىنىمدا تەلمۇرۇپ،
غايىپ بولدۇڭ كوز گوھىرىم - چىراقتىن.

تاڭدا كەلسەم باراقسان باغ ھويلىغا،
يوق ئىكەنسەن باشلاندىمۇ جۇدالىق!؟
شاختا ئالما مارىشىدۇ قىزىرىپ،
تەبەسسۇمى سېنىڭكىدەك خۇمالىق.

يورۇق، جىمجىت دەرىزەمنىڭ ئالدىدا،
ئوستى ئالما سېنى ئەسكە سېلىپ يار.
چېچەكلىدىن كەلسە خۇشبۇي ھىدلىرىڭ،
كەتتۇ دەيمەن ئالدىمغىلا گۈل باھار.

قاچتى ئۇيقۇ، تاشتى ئارمان بۇلاغىم،
باغدا بۇلبۇل سايرىماقتا يېقىملىق.
سەھەر باقسام يىراق تاغدىن قۇياشىم
چىقىپ كەلدى، خۇددى سەندەك چىرايلىق.

1964 - يىل 10- ئاي، قەشقەر



# ئوغلۇمغا مەسلىھەت

1

ياش چېغىڭدىن تۇت ئوزۇڭنى،
گۇلۇڭ كۇندە ئېچىلماس.
پۇشايماننىڭ قاچىسى،
قېرىغاندا تېپىلماس،

2

مىننەتلىك ھەسەلدىن تويۇپ يىگۇچە،
زەھەر يەپ ئولگىنىڭ ئەۋزەل ئۇنىڭدىن.
بەختىڭنى كىشىدىن تىلەپ يۇرگىچە،
ئولۇكتىن جان سوراش تۇزۇكتۇر ئاندىن.

3

باغلىساڭ ئىرادە كېلەر قولۇڭدىن،
چۇمۇلە كوزىنى ئوقيادا ئېتىش.

ئۈمىت ھەم باتۇرلۇق سېنىڭ خۇدايىڭ-
بولغاندا، مۇمكىندۇر مەخسەتكە يېتىش.

4

مەردانە ھەم خوشال ئۆتكىن ھەر قاچان،
كەلسىمۇ غېرىپلىق ۋە ياكى ئەجەل.
ئۆمۈرنىڭ دەرياسى ئاقمايدۇ بىر خىل:
گاھ سۈزۈك، بەزى لاي، گاھى قىيان - سەل.

5

ۋەتىنىڭ بەختىگە جان بېغىشلىساڭ،
تارىخنىڭ بېتىگە راسلىنىپ جايىڭ؛
قىيا تاش ئۈستىگە ئويۇلغان نەقىش-
ئۆمرىگە تەڭ بولۇپ ياشايدۇ نامىڭ.

1965 - يىل 9 - ئاي، ئۈرۈمچى



# ئىنسان خىسلىتى ھەققىدە ناخشا

( چاتما شېئىر )

## بېغىشلىما

ھاياتىم باھارى، يازى ھەم كۈزى،
ئالدىمدىن ئۆتتۈشتى كۈلۈپ ھەم يىغلاپ.
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرى — زىمىستان قىشى،
ھويلامنىڭ گەينىدە تۇرىدۇ ماراپ.

شۇ سەۋەپ مۈڭلىنىپ چوكسەم خىيالغا،
چىن مېھنەت، نۇر ئەقىل، باھاسىز ۋىژدان.
مۇھەببەت ھەم نەپرەت ئەلچىسى گويا،
كېلىشتى ئالدىمغا تارتىشىپ پىغان.

" بىلىپ قوي ! ئەشۇلار ئىنسان خىسلىتى "
دىگەن بىر سادانى ئاڭلىدىم شۇئان.

شۇ خىسلەت قانچىلىك بار ئىدى مەندە،
جاۋابىم ئاڭلىغىن ئاق كوڭۇل ئىنسان.

## مېھنەت ۋە ئەقىل

يارىتقان ئەمەسمۇ مېھنەت ۋە ئەقىل،
چۆلنى باش ئەگدۈرۈپ، گۈلۈستان جەننەت.
ئىنسانغا سائادەت يارىتىپ بەرگەن،
چىن مېھنەت، باتۇرلۇق، ئەقىلدۇر پەقەت.

مېھنىتىم باغىدا يېتىلگەن مىۋە،
يېتەرلىك بولمىدى، ئاز ئىدى چېچەك.
شۇنىڭچۈن بۇزۇلۇپ كوڭلۇم باشقىچە،
خىجىللىق بابىدىن چالىمەن غىجەك.

ۋادەرىخ، ئانامنىڭ تەشنالىقىنى،
زەررىچە بولسىمۇ قاندۇرالمىدىم.
جان ئانام تېنىنىڭ - يۈرەك قېنىنىڭ،
بىر تامچە بەدىلىن ياندۇرالمىدىم.

بۇ ئازاپ باغرىمنى تىلغاپ قان قىلىپ،
ھەر كۈنى قىينايدۇ مېنى قامچىلاپ.
بىلمىدىم تۈندىكى كوز ياش بۇلاغىم،
ئاقامدۇ تاڭغىچە ئاستا تامچىلاپ.



ئەس - ھۇشۇم جايىدا بولسىمۇ گەرچە،
مۇدرىدىم يوللاردا، چەكتىم مۇشەققەت.
يېزىلدى چىكەمگە قىراۋ چۈشكىچە،
يارالغان ساۋاقتىن قانچە ئالتۇن بەت.

ئەمدى بىل! تۇمانلىق چۆلگە يولۇقساڭ،
تەرەپنى پايقىماق ئەمەستۇر ئاسان.
شۇ چاغدا ئەقىلنى كومپاس قىلىپ سەن،
يول تاپساڭ ئازمايسەن يولدا ھېچقاچان.

## ۋىجدان

ۋىجدان-ئۇ، ئىنساننىي خىسلەتنىڭ كوزى،
ئۇنىڭسىز خىسلەتتىن تېپىلماس ئەسەر.
ۋىجداننىڭ بېشىدا توھمەت بۇلۇتى،
قاقىلداپ قۇزغۇندەك ئەگىپ يۈرىشەر.

كېلىندۇ ئەزەلدىن ۋىجدان شۇڭقارى،
قۇزغۇنلار بويىنىنى يۇلۇپ ھەر قاچان.
قۇرۇيدۇ، قۇرۇغان ساتقۇنلار شورى،
غالچىلار قالمايدۇ زادىلا ئامان.

بېشىمنى تىك تۇتۇپ ئۇتتۇم كوپ قېتىم،
ۋىجدانىم توپەيلى خەلقىم ئالدىدىن.

خوشالمەن، ئالەمچە چەكسىز خوشالمەن،
ئۈنىڭدىن سائادەت تاپتىم بولەكتىن.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت سوزىنى - يارنى سويمەك
دىيىلسە، بۇ بولۇر دېڭىزدىن تامچە.
مۇھەببەت - ۋەتەننىڭ يولىدا ئۆلمەك
دىيىلسە، قاقاخلاپ كۈلۈمەن شۇنچە.

ئەجدادىم كوتىرىپ چوماق ھەم قىلىچ،
شۇ گۈزەل ۋەتەننى ساقلىغان ياۋدىن.
جەڭ ئارانى ئەرلەر كېچىپ جانىدىن،
كېپەنسىز جاي تۇتقان سايلاردىن، تاغدىن.

„ ھە، دوستۇم! سەندىكى قانداق مۇھەببەت،
ياشلىغىڭ ئۆتتىمۇ مەناسىز سويۇپ؟
ۋە ياكى يۇرەمسەن پۇشايمان بىلەن،
خىجىللىق ئوتىدا ھەر كۈنى كويۇپ؟ "

دىگەن سوز ئاڭلانسا، بولۇپ بىئارام،
قوقاس ئوت ئۈستىدە تۇرىمەن گويا.
شۇندىمۇ ئىشىنىپ ئەمىلىيەتكە،
دىدىم مەن: «ئۆزۈڭ بەر ھەققانى باھا.»



## نەپرەت

ئۇز ئارا كۈشەندە بولۇپ ئەزەلدىن،
كېلىشتى جەڭ قىلىپ ياخشى - يامانلىق.
يامانلىق دۇنياغا ياغدۇرسا ئاپەت،
ياخشىلىق ياراتتى بەخت - ئامانلىق.

ياخشىلىق باغىدا ھىساپسىز ئىنسان،
يۇرگەندەك جەننەتتە ئۆتتى ئالەمدىن.
يامانلىق دەستىدىن گاھىدا جاھان،
بوۋاقتەك ئىگرىدى ئۆلۈم - ماتەمدىن.

جاھاننىڭ نەپرىتى ياندى يالقۇنلاپ،
جاھالەت كويمەكتە ئىگراپ، كۈل بولۇپ.
مېنىڭمۇ نەپرىتىم دەرھال ئۇچقۇنلاپ،
دۇنياۋى يالقۇنغا كەتتى قوشۇلۇپ.

كېلىدۇ شۇنداق كۈن شەخسىيەت تۈگەپ،
يامانلىق ئەبەدى يۇمار كوزىنى.
بۇ جاھان شۇ كۈنگە يەتكىچە تېخى،
ئاقىدۇ قانچىلىك ئىنسانىنىڭ قېنى.

## ئاخىرقى سۆز

ئەي ئىزىز سىردىشىم، ئىنسان خىسلىتىن،
بىر - بىرلەپ بەك ئۈزە ئەيلىدىم بايان.
مەن قىلدىم شۇلارغا قانچىلىك ئەمەل،
بۇ تارىخ ھۆكمىدە بولۇدۇ ئايان.

1980 - يىل 6 - ئاي



## ئىشەنچىم

ۋىجدانىم، ئىرادەمماگا جان بېرىپ،
جۇشقۇنلۇق، يېڭى كۈچ قوشتى بۇ تەنگە.
دېدىم مەن: "مۇھەببەت ۋە ئەزىزجانىم،
ھەر زامان تەقدىمدۇر ئۇلۇغ ۋەتەنگە."

قەددىم تىك ئارچىدەك تەگرى تاغىدا،
تۈندىمۇ يىراقنى كورۇدۇ كوزۇم.
نەدىكىن باش ئىگىش جۇدون، بورانغا،
تۇرىمەن چىناردەك قۇدرەتلىك ئۆزۈم.

مەيلى قىش مۇز قولى بىلەن ياقامدىن —
سىقسىمۇ نەپەسىم قىلچە بوغۇلماس.
مەيلى كوك بېشىمغا ئەۋەتسۇن چاقماق،
كوڭلۇمدە زەررىچە ئەندىش تۇغۇلماس.

ئىشەنچىم باغلاغلىق، تاغدىنمۇ كۈچلۈك ـ
قەھرىمان خەلقىمگە، گۈزەل غايەمگە.
بىزگە تەڭ كەلگۈدەك ياۋايى بىر كۈچ،
ئەزەلدىن تۇرەلگەن ئەمەس ئالەمگە.

1981 ـ يىل 10ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# داستانلار

## ۋەتەن قىزى ـ خۇيلىن

قاپ ـ قارا كېچە،
قوينى بىر زۇلمەت.
كوڭۇل ئەندىشە،
ئۇرىغان دەھشەت.

قايسى بىر تەرەپ،
ئەلگە گۇمانلىق.
يوق ئەتراپتا شەپ،
قويۇق تۇمانلىق.

تۈن يېرىم كېچە،
ئاسمانمۇ جۇتلۇق.
ئاي قاراڭغۇسى،
چوڭ يېزا مۇڭلۇق.

بىر چاغ يىراقتا،
ئېتىلدى ئوقلار.

ئۇپۇق بويىدا،
چېقىلدى ئوتلار.

قايسى بىر ئۆيدە،
بوۋاق يىغلىدى.
خۇيلىن تەخىرسىز،
قوپتى، بەزلىدى.

كەتتى قاياققا،
تۇننىڭ جىملىغى؟.
يەتتى بۇياققا،
دۇشمەن شۇملىغى.

يېزا بىئارام،
تاڭمۇ ئاتمىدى.
بۇ كېچە ھەممە،
ئۇخلاپ ياتمىدى.

باستى سەھەردە،
يېزىنى ئاپەت.
ئەلنىڭ قەلبىدە،
قالمىدى تاقەت.



تېتىك بوۋايلار،
ئوقتا ئېتىلدى.
ئاق چاچ مومايلار،
قوقتى، يىقىلدى.

چاققان يىگىتلەر،
قاچتى-قۇتۇلدى.
بەزى بىرلىرى،
قالدى، تۇتۇلدى.

ۋەھشىلىك بىلەن،
دارغا ئېسىلدى.
جاللات قولىدا،
بېشى كېسىلدى.

نازىنىن قىزنىڭ،
چېچى چۇۋۇلدى.
جۇت - شىۋىرغاندا،
گۇاي توكۇلدى.

يېزا بولدى تۇز،
تۇپرىغى ئۇچتى.
ئەلۋەتتە يوق جان،
گورۇستان قۇچتى.

خۇيلىن قىز قېچىپ،
چىقتى يېزىدىن.
دۇشمەن قوغلىدى،
ئۇنىڭ ئىزىدىن.

تاس - تاماس قالدى
تۇتۇپ ئالغىلى؛
غېرىپ بېشىغا،
كۈلپەت سالغىلى.

پەرىشان خۇيلىن
ئاران قۇتۇلدى.
كەلدى دەرياغا،
ئالدى توسۇلدى.

شۇئان ئولتاردى،
سۇنىڭ بويىدا.
ھەسرەتلەر چەكتى،
ئەلنىڭ كويىدا.

ئۇزۇن ئويلىدى،
ئورنىدىن قوپتى.
چۈنكى يۈرىكى،
دەرسىرەپ سوقتى



ئويلىدى بۇ قىز:
„ تاپاي بىر پادا.
كېلىپ قالمىسۇن،
دۇشمەنلەر يادا. “

خۇيلىن ئالدى يول.
دەريا ياقىلاپ.
شامال ئۆتمەكتە،
يۈزىنى سىلاپ.

دەريانى بويلاپ،
يۈردى يالغۇز جان.
يولۇقتى ئاڭا،
ياخشى بىر ماكان.

كۆرۈندى ئۆڭكۈر،
بىر گەمە پىنھان.
تۇغدۇرمايدۇ ئۇ،
زادىلا گۇمان.

كىردى گەمىگە،
غېرىپلىق تۇتتى.
ھەتتا بىچارە،
قانلارنى يۇتتى.

چوكقۇر بىر تىنىپ،
نالىلەر قىلدى.
پەلەك باغرىنى،
خۇن قىلىپ تىلدى.

„ئالتۇن تۇپرىغىم،
بىغىم خازاندۇر.
زۇلمەت دەستىدە،
رەڭگىم ساماندۇر.

هازىر ئايرىلدىم،
ئاتا - ئانامدىن.
بىشىمنى ئېلىپ،
قاچتىم يېزامدىن.

قالدى يېزامدا،
بوۋاق بىر ئۇكام.
ئەپقاچالمىدىم،
قالدى ئۇ - قوزام.“

دىدى بىر تىنىپ،
چوكۇپ ئەلەمگە.
سىڭىل دەردىدە،
قالدى ئۇ غەمدە...!



كەتتى ئۇيقىغا،
خۇيالىن گەمىدە.
بىرەر شەپە يوق،
ئەتراپتا - چەتتە.

قۇياشمۇ موككەن،
تۇن قاراڭغۇسى.
سۇدا تىترەيدۇ،
ئاي كۆلەڭگىسى.

قىز كوردى بىر چۇش،
شەرقتە بىر ئارال.
گويا تۇمانلار
باسقان بىر جاڭگال.

ئارال چەتلىرى،
قىلىن قومۇشلۇق-
ئارا موكۇپتۇ،
پاكار ئالۋاستى؛
زەھەر تۇمشۇغلۇق،
كوزى قىپ - قىزىل،
بىشى قاپاقتەك.
قوساق دومسايغان،
بوينى ساپاقتەك،
جادۇ - ئالۋاستى.

چوگىلەپ هەر يان،
ئاخىر ئوت چېچىپ.
دېڭىزدىن ئۆتۈپ،
ماڭدى غەرپ تامان.

غەرپ ئۇپۇق ئاستى،
ياپ – يېشىل ۋادا.
يۇردى ئالۋاستى،
چىقارماي سادا.

يېتىپ بىرچاغدا،
گۈلزار لېۋىگە.
زەهەرلەر چاچتى،
ئۇنىڭ ئىچىگە.

چىمەن بۇلبۇلى،
توزىدى، كەتتى.
چېچەك – غۇنچىلار
سولدى، توكۇلدى.

قانخور ئالۋاستى،
كىرىپ ئىچكىرەك.
خاراپ ئەيلىدى،
يەنە قەبىهرەك.



بىر چاغ هاۋادا،
كورۇندى بۇركۇت.
ئۇنىڭ كوزىدە،
غەزەپلىك بىر ئوت.

پولات كوكسىدە.
يېرىپ تۇمانىنى.
„ۋاي-دات“! دىگۇزدى،
شۇ ئالۋاستىنى.

يېنىپ ئالۋاستى،
ئارقىغا قاچتى.
ئاغزىنى ئېچىپ،
ئوتلارنى چاچتى.

بۇركۇت قوغلىدى،
توختاپ قالمىدى.
شۇم ئالۋاستىدا،
دەرمان قالمىدى.

قوغلاپ ياش بۇركۇت،
يەتتى كەينىدىن.
غەزەپتە تۇتتى،
ئۇنى گەژگىدىن.

شۇ ئان ئالۋاستى،
چىقىراپ كەتتى.
بۆركۈت قولىدا،
ئولۇشكە يەتتى.

دەل ئەشۇ زامان،
يېتىپ كەلدىلەر.
ئىككى چوڭ بۆركۈت —
كۈچلۈك جوردىلەر.

ئۈچى بىرلىشىپ،
مەيدان تۈزۈشتى.
شۇم ئالۋاستىنىڭ،
بوينىنى ئۈزۈشتى.

بۈنى كورۈپ قىز،
شاتلاندى چەكسىز.
شۇ خوشلىغىدىن،
ئويغاندى ھەم تېز.

ئاتقان يورۇق تاڭ
قارىسا، چۈشى.
قىز بولۇپ ھاڭ — تاڭ،
قاچتى ئەس — ھۇشى.



تارالدى خەۋەر،
خۇيلىنى ھەققىدە.
نامى تىللاردا،
ئەيتىلىپ كۈندە.

يولۇقۇپ ئاغا،
قىزىل ئارمىيە،
تىزلا ئۇستەردى،
بېرىپ تەربىيە...

كورەشلەردە ئۇ،
گاھى رازۋېتچى.
ئالدىنقى سەپتە،
شەپقەت ھەمشىرە.
گىزى كەلگەندە،
دۈشمەنگە قارشى،
كىرىدۇ جەڭگە...

1945 – يىل 9 – ئاي، قاراشەھەر

# لەيلىگۈل

گودەكلىك چېغىمدا مۈگدىلىنىپ موماي،
سوزلىگەن كېچىسى چېكىپ دادامەت.
گۈناسىز ئىككى ياش ھەققىدە بۈنداق-
ئاجايىپ ھىكايە، ئۈچمەس رىۋايەت...

1

مەن ئۆسكەن يېزىدا، قەدىم زاماندا،
لەيلىگۈل ھەم ئامان دىگەن ئىككى ياش؛
چوڭ بولغان بىر كوچا - بىر مەھەللىدە،
بالىلىق چېغىدىن بولۇشۇپ سىرداش.

بالىلارغا قوشۇلۇپ دائىم ئىككىسى،
ئوينىغان «موكۇ - مۈك» ئايدىڭ كېچىسى-
(بولجالىق قوينىغا موكۇشۇپ ئۇلار،
كورمىسۇن بىزنى دەپ ئاستا پىچىرلاپ.)



سوزلىسە سۈۋادان تۈۋىدە شۇ دەم،
قۇتلىغان ياپراقلار سەل - پەل مىدىرلاپ.

كوكلەمدە لەيلىگۈل قىسىپ گۈل - چېچەك،
جىلغىنىڭ بويىغا كەلگەندە يالغۇز.
تورغاينى ھۈركىتىپ، قوغلاپ كېپىنەك،
ھارغاندا ئولتۇرۇپ تىېرىدۇ يالپۇز.

ئاڭلانسا توقايدىن كاككۇك ئاۋازى،
تەبەسسۇم ئوينىغان ئۇنىڭ يۈزىدە.
بىر تۇرۇپ خىيالغا چومەتتى ئۇ جىم،
مۈگلۈنۈش ئۈچقۇنى يېنىپ كوزىدە.

بېغىغا چۈشكەندە نوردىن ئاتلاپ،
ئامانغا بەردى يول كوردەسكە سىلىپ.
بوۋىسى كوزىدىن ساقلاپ ئۇنى ھەم،
موكتۇردى «ماجرا» نىڭ ئالدىنى ئېلىپ.

ئىككىسى بوي تارتىپ قالغان چاغلىرى،
ئويۇلۇپ قېچىشتى بىرى - بىرىدىن.
شۇ مەزگىل بەگزادە خۇددى سايىدەك،
ئەگەشتى ئۇلارنىڭ دائىم كەينىدىن.

ئوزىچە ۋەسلىگە يەتمەكنى ئىزدەپ،
شۇ رەقىپ بەگزادە توقىدى توھمەت؛

ئاخۇندىن «پەتىۋا» ئېلىپ بىر يولى،
«نامەھرەم قىز بىلەن يۈرۈش جىنايەت.»
دېدى - دە، ئامانىنى زىندانغا ھەيدەپ.
كوزىنى ئالايتتى لەيلىنى قەستلەپ.

2

قەپەزدىن قۇتۇلغان ياۋايى قۇشتەك،
ئامانمۇ زىنداندىن قاچتى باش ئېلىپ.
كەينىدىن قوغلىغان رەھىمسىز دۈشمەن،
ئىزدىمەك بولۇشتى يېزىغا كېلىپ.

بۇ ھالنى لەيلىگۈل يىراقتىن بايقاپ،
ئامانىنى پىنھانغا موكتۇرۇپ ئالدى.
دۈشمەنلەر كەلگەندە، بېشىنى چايقاپ:
« كورمىدىم » دېسىمۇ ھەيرەتتە قالدى.

ماڭغىدەك بولسىمۇ زەھەرلىك ئىلان،
لەيلىنىڭ جىسمىدا مۇزدەك ئومىلەپ.
چۇچىماي ئاپەتنى ئالدىدى شۇدەم،
بالغاندىن ئۇلارغا تەبەسسۇم ئەيلەپ.

3

شۇ كۈنلەر بولسىمۇ ئۇلۇغ ھېيت - ئايەم،
لەيلىگۈل ئىشىك تاقاپ ئۈيگە موكۇندى.



يوق ئىدى ئايەملىك كىيىمى ئۈنىڭ،
كوزىگە ياش ئېلىپ قاتتىق ئوكۇندى.

بۇنى ئاز دېگەندەك ئۈچ گودەك بالا،
لەيلىگە قاراشلىق مەسۇمە، يېتىم؛
ھېيت كۈنى ھويلىدا بوينىنى قىسىپ،
ئۈمىتلىك تەلمۈردى ئاغا كوپ قېتىم.

باغرى خۇن لەيلىنىڭ كوزلىرىدە ياش،
يارمىنى تارتىدۇ چورۇپ ياغۇنچاق.
ھەممىسى بىر كاپام قوناق يارمىسى،
شۇ كۈنى بالىلارغا بولدى ئاۋۇنچاق.

تۈن يېرىم، ئىشىكتە چوگىلەپ قۇيۇن،
ناتونۇش ئۈن بىلەن زەنجىرنى قاقتى.
ئەنسىرەپ لەيلىگۈل ئىشىكنى ئاچسا،
بەگزادە كوزلىرى چەكچىيىپ باقتى.

ئويغاتتى لەيلىنىڭ ئەلەملىك دادى،
مۈك باسقان يېزىنى غەپلەت ئۇيقۇدىن.
يىراقتىن كەلگەندە مۈڭلۈق پەريادى،
يىغلاشتى ئۈچ گودەك دەھشەت قايغۇدىن.

4

بەگزادە ئۆيدە تۇتقۇن تۇمۇچۇق،
كوكسىنى قەپەزگە ئۇرۇپ بولدى قان.
لەيلىنىڭ تەقدىرى شۇقۇشقا ئوخشاش،
كىم يەتتى ھالىغا ئاگا بىسىپ يان؟!

كوپ كېچە لەيلىنىڭ بېشى ئۇستىدە،
چاقماقلار چاققاندەك ئوينىدى دەھشەت.
قۇيۇندەك ئايلىنىپ ياۋۇز بەگزادە،
سالماقنى ئىزدىدى لەيلىگە ۋەھشەت.

لېكىن قىز چېنىدىن ئەزىز ھىساپلاپ،
نومۇسى گۇلىنى ساقلىدى پاكىز.
غەزنۇى جۇش ئۇرغان تۇمۇچۇقىمۇ،
قۇزغۇننىڭ قۇدرىتى يەتمىدى ھەرگىز.

خورلۇقنىڭ تاغلىرى قىزنى باسقاندا،
قالمىدى قەلبىدە قىلاچىلىك تاقەت.
ئەركىن قۇش ئۇچقاندەك يېشىل ئورمانغا
قاچماقچى بولدى ئۇ ئىزدەپ سائادەت.

5

يازكۈنى كېچىسى دەريا شاقىراپ،
لەيلىگە بەردى كۈچ كوڭلىنى ئېچىپ.



ئۇ قېچىپ چىققاندا ئايمۇ پاقىراپ،
يولىنى يورۇتۇپ ماڭدى نۇر چېچىپ.

لەيلىگۈل كەلگەندە تونۇش قىياغا،
چوڭ دەريا قۇتىلدى يۇمشاق دولقۇنلاپ.
كەينىدىن قوغلىغان قارا كولەڭگە،
خىرىلداپ كەلگەندە ئاگا يېقىنلاپ،
دولقۇنلار ئەپكەتتى قىزنى ھاپاشلاپ.

6

كىم بىلسۇن دولقۇندا ئۇزۇپ تۇن كېچە،
چىققىمۇ گۇزەل قىز ئۇقاشقا ئامان.
بۇ سىرنى بىلەمدۇ گۇۋاچى دەريا،
ئۆتكەندەك بولسىمۇ خېلى كوپ زامان.

7

قىسمىتى لەيلىنىڭ بولغاندا شۇنداق،
ياش ئامان كېچىسى كېلىپ مەلىگە،
(ئۇزۇندىن ئۇ موككەن توقاي ئىچىگە):
ئارقا باغ تەرەپتىن شەپىسىز ئاستا،
ئامالاپ كىرىپ ئۇ بەگنىڭ ئويىگە؛
چورت كېسىپ بېشىنى شۇم بەگزادىنىڭ،
كەتكەنىمىش نامەلۇم يېزا تەرەپكە.

## 8

تاڭ يېقىن، تۇرىمەن يېشىل قىيادا،
تىترەيدۇ سۇدىكى غۇۋا كۆلەڭگەم.
سورىسام لەيلىنى ئۆلتىجا بىلەن،
دەريادىن سادا يوق، ئۆتتى خېلى دەم.

كۆمۈشرەڭ لىنتىدەك تولغۇنۇپ ئاققان،
دەريانىڭ كۆيلىرى دىلىمغا سىرداش.
ئۈپۈقنىڭ زۇمرەت شاھى پەردىسى،
كەينىدىن ياسىنىپ كۆرۈندى قۇياش.

مەجنۇن تال ئالدىمدا ئېگىلىپ ئاستا،
تەبەسسۇم ئەيلىدى نازۇك، مۇلايىم.
«ئېيتقىنا، دولقۇنلار! قېنى لەيلىگۈل؟»
شۇ بولدى دەرياغا قويغان سو ئالىم.

دەل شۇ چاغ دەريامۇ ئاستا پىچىرلاپ،
ياش قىزدەك يېقىملىق باشلىدى قوشاق.
جۆر بولدى بۇ نەغمىگە بۇلبۇل ناۋاسى،
كەلدى تاڭ ناخشىغا سېلىشقا قۇلاق...

«يولۇم ئۇزۇن — كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقا سوزۇلغان،
سەپەردىشىم — كۈندۈزى كۈن، كېچىسى ئاي قېشىمدا.



خوش پۇراقلىق قىزىل لەيلى يەر - جاھاننى قاپلىشىپ،
يىلتىز سۇرۇپ ماڭا ياندا پ ماڭدى ئىككى يېنىمدا.
سەن سورىغان لەيلى يەتمەي مۇرادىغا - بەختىگە،
يۇمۇلغاندۇر كۆزى ئۇنىڭ ھەسرەت چېكىپ قىينىلىپ...»
رازى بول لەيلىگۈل، مەڭگۈ رازى بول!
سەن ئۈچۈن زالىمدىن ئالدۇق ئىنتىقام.
دۇنيادىن زۇلۇمنى تۈگەتمىگىچە،
ئەۋلادىڭ ھېچقاچان تاپمايدۇ ئارام.

1962 - يىل

# قىز ۋە شامال

(باللادا)

قىز قايتتى مەكتەپتىن ئۆيگە خىيالچان،
كوزلىرى بۇلاقنىڭ سۈپ - سۈزۈك سۈيى.
ئانىسى مۇڭلاندى، مەيۇس - پەرىشان،
ئەزدىمۇ قايغۇنىڭ سىرلىق بىر كۈيى.

— جان قىزىم، كوز نۇرۇم تارتىنما مەندىن،
ئېيتقىنا، كېسەلگە بولدۇڭمۇ دۇچار؟
يوشۇرما سىرىڭنى ئۇتۇنەي سەندىن،
مىڭ جېنىم بولسىمۇ پولۇڭغا تەييار.

ياكى بىر كىشىدىن كۆتۈلمىگەندە،
نازۇك دىللىرىڭ خېلى رەنجىگەن.
يادىپلوم ئېلىشتا بولدىمۇ بىر ئىش؛
كىچىكى ھەم چوڭى - زادى ھەممىسى:
«ئەڭ ئەلا ئوقۇدى» سېنى دېيىشكەن.



— تېنىم ساق، جان ئانا، چىرايىم گۈۋا،
شۇنىڭدەك رەنجىشتىن دىللىرىم ئازات.
ئاجايىپ خوشاللىق - دىپلوم قولۇمدا،
ۋۇجۇدۇم كۆلمەكتە قايغۇ داغا يات.

دەل شۇئان ئانىنىڭ تاقەتلىرى تاق -
بولغاندا، دىپلومنى سۇنۇپ مۇلايىم؛
دېدى قىز ھورمەتتە: «ئانا، قاراپ باق،
خىيالچان بوپ قالدىم، كەچۈر گۇنايىم!»

«ئەلاچى» سوزىدە ئانا كوزلىرى،
ئويىندى لېۋىدە تەبەسسۇم تولۇپ.
ئويغاندى قەلبىدە خىيال سوزلىرى،
دىپلومنى قولىدىن ئۇچتى قۇش بولۇپ.

قىز تۇتتى دىپلومنى ئاستا ئاۋايلاپ،
— جان ئانا! - دېدى ئۇ، كۇلۇپ چىرايلىق.
— جان قىزىم! - دېدى شات ئاران دۇدۇقلاپ،
ئانىنىڭ كوزىدە يېنىپ ھەيرانلىق ...

2

چىرايلىق بىر كېچە، ئايدىڭ، سالقىن دەم،
خىيال سۈرۈپ،

يىراق قاراپ،
يۇلتۇز كورۇپ،
مۇڭى تاراپ،
گۈزەل قىز تۇرىدۇ ئېسىلىپ تالىغا.
ناخشىسى جاراڭلاپ ئۇچۇپ دەممۇ-دەم،
چاچلىرى يەلپۈنۈپ ئۇچىدۇ ئالغا.

سېغىنىمەن شاقىرىغان،
دېڭىزدىكى دولقۇننى.
ياقتۇرىمەن ۋالىلدىغان،
قىپ-قىزىل ئوت-يالقۇننى.

يارىتىمەن گوكىرىگەن،
قىرغاقتىكى ئورمانىنى.
ياقتۇرىمەن زوقلىنىپ،
دولقۇندىكى چوقانىنى...

سۇنمايدىغان قارىغاي،
تىك تۇتىدۇ قەددىنى.
سەن جەنۇپتا،
مەن شىمالدا،
ئۇنۇتمايمەن ۋەدىنى.



قىز بىر چاغ قوزغالدى ئاستا شەپىسىز،
ئانىسى روجەكتىن كۈلۈپ قارايدۇ.
تولۇن ئاي «چۈشەندىم» دىگەندەك گويا،
يېقىنلاپ نۇر چېچىپ، تويماي قارايدۇ.

3

ئۈمىدى چېچەكلەپ گۈلدەك يەلپۈنۈپ،
يېگىلەن قىز جەنۇپقا — ئۇچتى يىراققا.
ئاناقۇش ئۇگىدا قالدى تەلپۈنۈپ،
ھىجرانلىق ئوتلىرى سېلىپ يىراققا.

ئانىنىڭ كوزلىرى ئۇيقىدىن جۇدا،
سەھەردە كېلەر دەپ كۈتەمدۇ ئۇنى.
غەمكىن كوزلىرى تىكىلدى ئۇزاق-
رامدىكى سۈرەتكە، ئۇ ئادەم قېنى؟

ئاستىلاپ ئېچىلىپ ئوتمۇش سەھنىسى،
ئۆتكەندەك كورۇندى يالقۇنلىنىپ ئوت.
تارىخى ئۇخلىماي ئوتكەن شەھەرنىڭ،
بېشىدا ئۈزمەكتە قاپ-قارا بۇلۇت.

ئوركەشلىك دېڭىزدەك گۈكىرەپ ھەيۋەت،
چاڭجاڭدىن ئۇزۇنراق كېلەر ئۇزۇن سەپ.

ئانىمۇ كەلمەكتە ھىس قىلىپ غەيرەت،
جەش ياشلىق پىگلەننى ئىلدام يېتەكلەپ.

قەدىمى، ھەيۋەتلىك مەيداندا سانسىز،
ئادەملەر تىڭشايدۇ ناتىق سوزىنى.
پىگلەننىڭ ۋۇجۇدى سويۇنۇپ شۇئان،
–دادا! – دەپ ناتىققا تىككەن كوزىنى.

جاگجيېشى ياققان ئوت – ئولۇم ئوتلىرى.
لاۋىلداپ ۋەھىمە سالدى جىدەللەپ.
ئالىيىپ زىمىستان قارا جۇتلىرى،
بېشىمىز ئۈستىدە يۇرمەكتە لەيلەپ.

سۇرۇلۇپ، تارقىلار بۇلۇتلار مەڭگۇ،
گۇكىرەپ قوزغالغان قىزىل بوراندىن.
باقىمىز ئۇمىتتە يەنئەنگە دائىم،
نىجاتلىق كۇنىمىز چىققىدۇ شۇندىن...

ئالقىشلار ساداسى تۈيۇلۇپ گويا،
تۇمەنمىڭ توپلاردەك قوزغىدى ئاۋاز.
ئۇچۇشتى ئاسماندا قىچقىرىپ شۇئان،
ئازاتلىق شۇڭقارى قىلىشىپ پەرۋاز.



قارا چاچ، غەيرەتلىك، سالماقلىق يىگىت،
سوزغاندا مېھرىبان خەلققە قولىنى.
«سوزلىگەن راستىنلا دادامكىن ئانا...»،
دىگەننى پىگلەن قىز تىكىپ كوزىنى.

× × ×

گودەك قىز ئۇخلايدۇ غەمسىز شۇ تاپتا،
دادىسى خىيالدا ئويغۇسىز سەھەر.
نەدىدۇر، يىراقتىن قاۋايدۇ ئىتلار،
ئەنسىزلىك، شۇملۇقتىن بېرىشىپ خەۋەر.

ئەپكەتتى شۇ سەھەر دادىنى قويۇن،
پىغانلار قوزغالدى قانچە يۇرەكتە.
لىيۇجەنگە بۇ ئىشلار تۈيۇلماس ئويۇن،
ئۇزىنى چىڭ تۇتتى قانلىق كورەشتە.

كوتەردى خىيالدىن ئانا بېشىنى،
تامدىكى لىيۇجەننىڭ رەسىمى ئەمەسمۇ.
ئانىنىڭ مەگزىدە ئويناغان تامچە،
«لىيۇجەن رازى بول مەڭگۇ» دىمەسمۇ؟!

پىگلەنمۇ كوزىگە تولدۇرۇپ لىق ياش،
قارا يىتتى سۇرەتكە مۇگلۇق پىغاندا.
بىكارغا ۋاقتىسىز ئاقارمايدۇ باش،
ئانىسى ئورتەنگەن ھىجران – پىراقتا.

قىز ئۇسكەن چېغىدا تولۇپ بەختىدەك،
كورمىدى شۇ تۇرقى ئۇنى دادىسى.
ئانىمۇ ياشىرىپ يېڭىدىن كۈلگەن،
ۋە لېكىن قىينايدۇ ھەجران يارىسى.

سۇ ئاستى كېمىسى لىماندا تەۋرەپ،
كۈتمەكتە بۇيرۇقنى سىرلىق ھەيرەتتە.
تۇرىدۇ بىر ماتروس كەڭ پالوبىدا،
دېڭىزغا قارايدۇ يېنىپ غەيرەتتە.

"ھە، جەنخەي، خوش خەۋەر، قېنى سۆيۈنچە؟.»
دېگەن سوز ئاڭلىنىپ ئاڭا ئۇشتۇمتۇت؛
پوچتىچى خەت سۇندى، خوشال كۈلگۈنچە،
كوزىدىن ئاجايىپ يېنىپ ئۇچقۇن-ئوت.

پىڭلەنىڭ خەتلىرى قانداق چىرايلىق،
ئونۇش بىر گوسپىتال... ئادرىس يېزىلغان.
"جەنخەيگە» دېگەن سوز گويا ئۈنچىدەك،
يارىشىپ كونۋېرتقا قاتار تىزىلغان.

ياڭرىدى سىگنالنىڭ ئۈنى جاراڭلاپ،
تەۋرىدى پاراخوت قۇشتەك قوزغۇلۇپ.
قىرغاقمۇ بارغانچە قالدى يىراقلاپ،
قالدىمۇ كۈتكەن قىز، بەلكى مۇڭلىنىپ...



5

ئاي قاراڭغۇ، كوكۇش تۇمان كېچىسى،
كەلمەكتە دەل بىر ئارالغا يېقىنلاپ،
ئاپپاق يەلكەن-بېلىقچىلار كېمىسى.

...............................

قالدى بىر كىمە ساقلاپ قىرغاقتا،
كەتتى ئۈچى ئەڭ خەتەرلىك سەپەرگە.
غالجىر ئىتلار ئەمەس بۇندا باغلاقتا،
ئىسكەپ قالسا قاۋىشىدۇ شۇ تاپتا.

"ئۈچ بېلىقچى" قىيا تاشلىق قىر بويلاپ-
كەلدى ئاستا مەھەللىگە يېقىنلاپ.
كىم بىلىدۇ سىزىپ قېلىپ دۈشمەنلەر،
تۇرامدىكىن پىنھان جايدا مارىلاپ؟!

غىل-پال قىلىپ خىرە ئۇچقۇن چېقىلدى-
مەلۇم رۇجەك يورىغاندەك بىلىنىپ.
ياكى پوستىنىڭ سەرەڭگىسى يېقىلدى،
چەكمەك بولۇپ خۇمارىغا ئالدىنىپ.

ئاڭلىنىدۇ دەرتلىك تارا چېكىلىپ،
غېرىپ ئويدىن مۇڭلۇق يىغا ساداسى.

ئاگىلىنىدۇ قاياقتىندۇ چايقىلىپ،
ئامېرىكانچە مۇزىكىنىڭ ناۋاسى.

شۇ چاغ شەپە يېقىنلىدى يىراقتىن،
پوست تەكشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوفىتسىر
"پارول" دېدى چىراق يېقىپ، چۆچۈدى،
"چورتان بېلىق" دىگەن سوزدىن ـ جاۋاپتىن.

ئۇزۇن ئوتمەي بىر ئېچىلدى ئارالدا،
ئوفىتسىرمۇ بىر ئوق ئۇزۇپ ئولگەردى.
تەرەپ ـ تەرەپ خەۋەر تېپىپ شۇ ئاندا،
ھۇدۇقۇشۇپ ھەر تەرەپكە يۇگەردى.

"تىل" نى ئېلىپ، "بېلىقچى" لار كېلىشتى ـ
تىك قىياغا، ئوق يامغۇرى ياققاندا.
ئۇرغۇن دۇشمەن يېقىنلىشىپ كېلىشتى،
بېلىقچىلار باش ئۇستىدە گۇلدۇرلەپ ـ
ئوتلۇق يىلان ـ سۇرلۇك چاقماق چاققاندا.

ـ تېز كېتىڭلا، سالام، دەڭلا ۋەتەنگە!
دېدى جەنخەي دۇشمەنلىگە ئوت ئېچىپ.
كونۇشمىدى ھەمرالىرى بۇ سوزگە،
جەڭ قىلىشتى ھۇرە تىرەپ، ياندىشىپ.



ـ ئەمدى بۇيرۇق ئۇلۇق ۋەتەن نامىدىن، ـ
دېدى جەنخەي يالقۇن كەبى ئوت بولۇپ.
قۇچاقلىشىپ سويۇشكەنچە مەڭزىدىن،
ئايرىلىشتى قىزىل قانغا بويۇلۇپ.

قارا دولقۇن تىك قىياغا ئۇرغاندەك،
دۇشمەن كېلەر، بىر جەنخەيگە چاڭ سېلىپ.
بۇركۇت كوكتە قۇزغۇنلارنى قىرغاندەك،
قىردى جەنخەي دۇشمەنلەرنى داغ سېلىپ.

گىراناتلار ئادا بولدى پارتلىشىپ،
نەچچە دۇشمەن يەر چىشلىدى دات سېلىپ.
ئاپتوماتنىڭ ئوقى قالدى نەچچە تال،
تىرىلداشتىن توختىدى ئۇ دەم ئېلىپ.

جەنخەي تېزدىن دېڭىز تامان سالدى كوز،
"قېيىق يولغا ئامان-ئېسەن كەتتىمۇ؟!"
ئەنسىرەشتە يۇرۇگىمۇ بەك سالدى،
"يولداشلىرىم كىمىسىگە يەتتىمۇ؟!"

جەنخەي كېلىپ قېيىق قالغان قىياغا،
غولاچ كىرىپ قىرغاق سويدى ھالسىراپ.
كىرمەيدۇ ھېچ بىرەر شەپە قولاققا،
بارا ـ بارا ھالدىن كەتتى قانسىراپ.

كۈلگەن پېتى ئالتۇن قۇمغا قويدى باش،
ئومۇرۋا يەت كېتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا.
كوكتە يۇلتۇز مۆگۈلۈك پەرى توكتى ياش،
سىرداش دولقۇن سويدى، ئالدى قوينىغا.

## 6

ئۆتتى بىر ئاي، كۆتتى ئۇزۇن تاقەتسىز،
قىزنىڭ قەلبى يېنىپ ئۆتتەك ھەر كېچە.
ئۇيقۇ قاچتى يىراقلارغا رۇخسەتسىز،
تاڭ شامىلى رۇجەكلىنى چەككىچە.

بۇغداي ئۈگلۈك، توقاچ يۈزى ئاقاردى،
كۆلۈپ تۇرغان خۇما كوزى مۆگلۈنۈپ؛
قارا مەخمەل سىكىلىگى تارالدى،
ھەر تەرەپكە چېچىلغانچە تولغۇنۇپ.

كۈلگۈنچەك قىز ھىجران ئارا جىم بولغان،
قايغۇ - ھەسرەت دەرياسىغا چۆككەندەك.
كېچىلىرى خۇشبۇي ياغلىق نەم بولغان،
قىز قولىدىن سۇغا ئۇچۇپ چۈشكەندەك.

بىر كېچىسى پىنگلەن يۇمشاق كارۋاتتا،
دەرىزىدىن ئايغا قاراپ ئويلاندى.



ئانچە ئوتمەي دەرتلىك ئىنىپ بىر ۋاقتتا،
ئازاپلىنىپ ئويان - بويان تولغاندى.

غۇنچە لىۋى ئىتىرەپ - ئىتىرەپ پىچىرلاپ،
دىگەن سوزى خاتىرىدە يېزىلغىلىق؛
„ سەن ياتسەن تۇتقۇنلۇقتا، غەزەپتە،
پۇت-قوللىرىڭ زەنجىر بىلەن چېتىغلىق.

جىنىم جەنىخەي، ئىسىڭدىمۇ بېيجىڭدا،
ماي ئاخشىمى بىز ئىككىمىز ئوينىشقان.
نۇرغا قاپلاپ كەڭ ئاسماننى شۇ چاغدا،
ئۈستىمىزدە نۇر چېچەكلەر ئۇچۇشقان.

ئىسىڭدىمۇ بىخەيدىكى سىرىن گۈل،
ئىككىمىزنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىغان.
يادىڭدىمۇ جۇڭسەندىكى بوك توقاي،
ئىككىمىزنى يۇلتۇز - ئايدىن يوشۇرغان؟

ئورمانلارنىڭ، دولقۇنلارنىڭ كەينىدىن،
قولۇڭنى سوز، تۇرايلى بىز كورۇشۇپ.
جۇدالىقنىڭ قۇشى ئۇچسا يىراققا،
توپلىشىدۇ جان مېھرىمىز سويۇشۇپ.

ئەگەر سوزسا ئۇلۇم ماڭا قولىنى،
كوزلىرىمنى ئېچىلماس قىپ يۇمدۇرۇپ.
گويا گۈلدەك ئۈنۈپ سېنىڭ بېشىڭغا،
سايرىتىمەن بۇلبۇللارنى قوندۇرۇپ.....

سالقىن سەھەر جىملىقىدا كوك قىرغاق،
ئارام ئالغان گويا بىغەم بوۋاقتەك.
لېكىن مىليون يۈرەك سەگەك، جان ئويغاق،
كوزلەر باقار يىراقلارغا يۇلتۇزدەك.

پىڭلەن كېلىپ يېشىل مەخمەل قىرغاققا،
چەكسىز دېڭىز دولقۇنىغا قارايدۇ.
تونۇش ئاۋاز سىۋىرلىشىپ قۇلاققا،
ئەسكەن شامال ئاستا كېلىپ سوزلەيدۇ:

«... پىڭلەن-مېنىڭ قىزىل غۇنچەم، توكمە ياش،
خوشاللىقنىڭ خوشاللىغى بىزگە خاس.
ئوكۇنمىگىن، قىلچە پىغان چەكمىگىن،
ئۇركەشلىنىپ مەن تەرەپكە قەدەم باس!

ئۇلۇمدىنمۇ يامان ئىكەن جۇدالىق،
قالدى تەيۋەن ھىجران ئارا ئېچىنىپ.
مەنمۇ قالدىم شۇ ھىجراندا پىغانلىق،
ئېزىز ئانام قۇچىغىنى سېغىنىپ.

"جەنخەي - جەنخەي" دىگەن ئۈندىنىڭ پىچىرلاپ،
قېنىپ - قېنىپ سويۇشكەندە ئەكىلەپ.



ئىككىمىزنىڭ ئەركىن ئۈنى جاھاندا،
دولقۇن بولۇپ مەڭگۇ ئاقسۇن ئۇركەشلەپ.»

كەتتى شامال گويا رۇخسەت ئالغاندەك،
تازىم قىلىپ قىزغا نەچچە پۈكۈلۈپ.
قىز ۋۇجۇدى كەتتى ئېرىپ سىماپتەك،
شەدنەم سىمان ئۈنچە يېشى توكۈلۈپ.

ياش توختىدى، ئالتۇن نۇرغا چومدى ئۇ،
قۇياش چىقتى كۈلۈپ، قىزنى تەبرىكلەپ.
خۇشخۇي دولقۇن قىز پۇتىنى قۇچاقلاپ،
سويدى تىنماي قىرغاقلاردا ئۇركەشلەپ.

شۇندىن باشلاپ قىز باشقىچە بوپ قالدى
ھەم سىستىرا، گاھى ماتروس - دېڭىزچى.
ھە دىگەندە دولقۇن يېرىپ ئالدى يول،
سەپداشلىرى قاتارىدا كۈرەشچى.

ئېيتقىن ماڭا سويۇملۇك قىز، قارا قاش،
ئۇ قىرغاقتا ۋەتەندىشىڭ تۇن - كېچە،
ساڭا تونۇش سىرلىق گۈلخان ياقتىمۇ؟
ھوزۇر ئاپسەن دېڭىزدىكى يۇرۇشتىن،
دولقۇنلارنىڭ گۈكىرىشى ياقتىمۇ؟

1963 - يىل 6- ئاي، ئۈرۈمچى

# تاڭ سەھەر

## ( شېئىرلار توپلىمى )

ئاپتورى : تۇرغۇن ئالماس

مەسئۇل كوررېكتور : جېلىلاي

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى.

شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

1982 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى

1982 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى.

كىتاپ نومۇرى : 10264.12

تىراژى: 5.700

باھاسى : 0.30 يۈەن

جورى قادىر مۇقاۋا ۋە ھۆسنخەت
ئىدرىي ئىشلىگۈچى



# 晨

（诗歌集，维吾尔文）
吐尔洪阿利马斯　著
责任编辑：阿不力米提阿吉
责任校对：吉　利　力
出版者：新疆喀什维吾尔文出版社
发行者：新疆新华书店
印刷者：新疆喀什日报印刷厂
1982年5月第一版
1982年5月第一次印刷
统一书号：10264.12
印　数：5700
定　价：0.30 元

乌 135 市

2